بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


❖ غەلبە ۋە ئۇستۇنلۇك چۇشەنچىسى (5)................
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى 3 ...............................

❖ پىكرىي ئوخشىماسلىقلار زىددىيەتكە ئېلىپ بارمىسۇن...
11 ئابدۇلئەھەد ھاپىز ..............................

❖ «قۇرئانچىلار» ۋە ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە ..
19 مۇھەممەد يۇسۇپ................................

❖ ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت تىجارىتىدە نېسى قىلىشنىڭ ھۆكمى
25 دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ..................

❖ مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنى
ئەسلەيمەن .....................سىراجىدىن ئەزىزى 35

❖ ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان ھۇجۇملار ۋە بىسمىلار....
38 ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن...........................

❖ مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما مۇسايىپ داموللا ھاجىم..........
48 ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد .........................

❖ ئۆلىمالار سۇلتانى ئىز ئىبنى ئابدۇسالام................
53 مۇھەممەد يۇسۇپ................................

❖ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن
قۇتۇلۇشنىڭ ئىسلامىي چارىلىرى......................
58 ئابدۇلئەھەد ھاپىز تەرجىمىسى ....................

❖ قىز ـ يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان .....................
62 مۇھەممەد ئېمىن ھاجىم تەرجىمىسى ...............

❖ دەۋەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز ئابدۇرەشىد
ئىبراھىم.............. مۇھەممەد پازىل تەييارلىغان 69



المعرفة

مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2017

1 ـ سان
(ئومۇمىي 18 ـ سان)



ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئەتلىرى:
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم



ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئەتكە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
***Fevzi Çakmak Mahallesi Şeref Sokak No. 11 Bodrum Kat***
***Sefaköy Küçükçekmece Istanbul***
***TEL: 0212_6243928***

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس!



# غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى

ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى

ئالدىنقى ساندا تالۇتنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭدىن يەكۈنلەنگەن قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلار ئۈستىدە توختالغان ئىدۇق. ئاللاھ خالىسا، نۆۋەتتىكى ساندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## تۆتىنچى مىسال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى

جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ ھالاك بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىش كۆرۈنۈشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىدا، توغرا يول تۇتۇپ ماڭغان خەلىپىلەرنىڭ ۋە سائادەت دەۋرىدىكى قوماندانلارنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدا ناھايىتى ئوچۇق نامايان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، مۇئمىنلەرنى ئۆز يۇرت-ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان مۇشرىكلەرگە قارشى جىھادىي ھەرىكەت ئۈچۈن پىلان تۈزۈشكە باشلايدۇ، ساھابىلىرىنى ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ياخشى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. قۇرەيشلەرنىڭ تىجارەت يوللىرىنى تارايتىش، مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەتتە تەييارلىنىۋاتقان قەبىلىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش، مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئەتراپقا قوشۇن ئەۋەتىشكە تۇتۇش قىلىدۇ، ساھابىلىرىنى ئۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىنكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك قىلىپ تەييارلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن بۇ قوشۇنلار تۆۋەندىكىدەك مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ:

1 ـ مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئەتراپىدىكى ۋە مەككىگە بارىدىغان يوللارنى، بولۇپمۇ قۇرەيشلەرنىڭ تىجارەت كارۋانلىرى ماڭىدىغان يوللارنى ياخشى بىلىش ۋە يول بويلىرىغا جايلاشقان قەبىلىلەر بىلەن تونۇشۇش.

2 ـ قۇرەيشلەرنىڭ شام بىلەن بولغان تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى توسۇش ئارقىلىق قۇرەيشلەرنىڭ ئىقتىسادىي يولىنى تارايتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتەتتى، تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغان ھەر قانداق يىغىلىشلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان ئۈستىگە باستۇرۇپ باراتتى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالاتتى. ھۇجۇم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك مۇداپىئەسى ئىدى.

3 ـ مۇئمىنلەرنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇلارغا قارىتا يامان نىيەتتە بولۇۋاتقان قەبىلىلەرنى توختام تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىش.

جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ ھالاك بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى ئەڭ ياخشى مىسالدۇر. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت ئۇ زات ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، مۇئمىنلەر غەلىبىگە ئېرىشكەن ۋە «قۇرئان كەرىم»دە مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇشلار ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، توغرا يول تۇتۇپ ماڭغان خەلىپىلەرنىڭ ۋە سائادەت دەۋرىدىكى قوماندانلارنىڭ ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قىلغانلىقى ئەلۋەتتە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بەدرى ئۇرۇشى، خەندەك ئۇرۇشى، مۇرتەدلەر ئۇرۇشلىرى ۋە ئىسلام ئازادلىق ئۇرۇشلىرى قاتارلىقلار جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ ھالاك بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدىغان مۇھىم ئۇرۇشلاردۇر.

## بەدرى ئۇرۇشى

بەدرى ئۇرۇشى دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولۇپ، مۇئمىنلەر غەلىبە قىلغان ئۇرۇشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.﴾[①]

بۇ ئايەت كەرىمە بىزگە، ھەقىقىي غەلىبىنىڭ پەقەت ئاللاھتىنلا بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە

① سۈرە ئال ئىمران: 123 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com

ئېرىشىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە سەۋەب قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، لېكىن سەۋەبلەر بىلەن ئالدىنىشقا ۋە مەغرۇرلىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى، سەۋەبلەرگە ئەمەس، بەلكى سەۋەبلەرنى ياراتقان ئاللاھقىلا تايىنىش لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ.

بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۇشرىكلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە توپا ئېتىلىشى قاتارلىقلارنى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىش ئارقىلىق، مۇئمىنلەرگە ياردەمنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن بولغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) مۇشرىكلارنى سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) ئاللاھ ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى. (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) مۇئمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىيمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى.﴾[1]

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى بەدرىدىكى غەلىبىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشقا، بۇ غەلىبىدىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللىرىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، مۇشرىكلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى، (بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە (غەنىيمەتلەردىن ئىبارەت) ھالال نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى.﴾[2]

بەدرى ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىلىرى ناھايىتى چوڭ بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ مۇشرىكلارنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ نامايان بولۇشى ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئالدىدا ھەيۋىسىنىڭ چۈشۈشى.

2 ـ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھەممە تەرەپ كۆز تىكىدىغان يېڭى بىر كۈچنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى.

3 ـ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە مۇناپىقلارنىڭ ھەسەتلىرى ئۆرلەپ، مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىشى.

4 ـ يەھۇدىيلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەسەت ۋە دۈشمەنلىكلىرىنى ئاشكارىلىشى. ھەسەت ۋە دۈشمەنلىكلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئاشكارىلىغانلار بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىدۇر.

---

① سۈرە ئەنفال: 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ئەنفال: 26 ـ ئايەت.

5 ـ مۇئمىنلەر بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئارىسىدا رەسمىي ئۇرۇش ئېلان قىلىنىشى.

6 ـ مەدىنىدە مۇسۇلمان بولۇش دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە قۇراللىق جىھاد ھەرىكىتى تەييارلىقىنىڭ جانلىنىشى.

7 ـ بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئېشىپ، ياشلاردا كېيىنكى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىش كەيپىياتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى.

## خەندەك ئۇرۇشى

خەندەك ئۇرۇشىدىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بوران ۋە پەرىشتىلەردىن ئىبارەت كۈچلۈك قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىشى بىلەن مۇتلەق غەلىبە قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇش ھەققىدە ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلىدۇ:

1 ـ مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىتىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.﴾①

2 ـ دۈشمەنلەر مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى ھەممە تەرەپتىن قورشىۋالغان سەۋەبتىن مۇئمىنلەرگە يەتكەن غەم ـ ئەندىشىلەرنى بەدىئىي ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەپ بېرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار.﴾②

3 ـ مۇناپىقلارنىڭ يامان نىيەت ۋە ناچار ئەخلاقلىرىنى پاش قىلىپ بېرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: ‹ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن› دېيىشەتتى.﴾③

4 ـ مۇئمىنلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۈلگە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.﴾④

5 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىدا راستچىل ۋە ۋاپادار بولۇپ، دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا مەيدانىنى

① سۈرە ئەھزاب: 9 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەھزاب: 10 ـ ئايەت.

③ سۈرە ئەھزاب: 12 ـ ئايەت.

④ سۈرە ئەھزاب: 21 ـ ئايەت.



www.uyghurkitap.com

ئالقىشلاش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا سۇباتلىق بولۇپ، شېھىت بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شېھىت بولدى، بەزىسى (شېھىت بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق.﴾①

6 ـ ياخشى ئاقىۋەتنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىش شەرتلىرىنى ھازىرلىغان مۇئمىنلەرگە، مەغلۇبىيەتنىڭ زالىم كاپىرلارغا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىنى بايان قىلىپ بېرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن) نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئاللاھ (بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ) مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.﴾②

7 ـ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىپ، ئۇلارنى مۇستەھكەم قورغانلىرىدىن چۈشۈرۈپ، مۇئمىنلەرنى خۇرسەن قىلىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى (يەنى رەسۇلۇللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى) قورغانلىرىدىن چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئۇلارنىڭ) بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلىكىنى ئەسىر ئالدىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى، قورۇ ـ جايلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ۋە (تېخى) سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار دەسسەپ باقمىغان زېمىننى مىراس قىلىپ بەردى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.﴾③

خەندەك ئۇرۇشى ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم ئۇرۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئىسلام قوشۇنى تۆۋەندىكىدەك مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى:

1 ـ مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى، دۈشمەنلەرنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمەستىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشى.

2 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى مۇداپىئەلىنىشتىن ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزگەرتىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەمدى ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ، بەلكى بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ھۇجۇم قىلىمىز.»④

3 ـ بۇ ئۇرۇشنىڭ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان

---

① سۈرە ئەھزاب: 23 ـ ئايەت.

② سۈرە ئەھزاب: 25 ـ ئايەت.

③ سۈرە ئەھزاب: 26 ـ، 27 ـ ئايەتلەر.

④ البخاري، كتاب المغازي، باب غزوة الخندق (58/5) رقم 4109.

ئۆچمەنلىكنى پاش قىلىشى. چۈنكى ئۇلار ئەڭ قىيىن بىر شارائىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان توختامنى بۇزغان ئىدى.

4 ـ بۇ ئۇرۇشنىڭ مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىدىكى راستچىللىقنى، مۇناپىقلارنىڭ ۋە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ رەزىللىكىنى ئاشكارىلاپ بېرىشى.

5 ـ بۇ ئۇرۇشنىڭ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى. بەنى قۇرەيزە ئۇرۇشىدا ئەڭ قىيىن بىر شارائىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان توختامنى بۇزغان يەھۇدىيلاردىن ھېساب ئېلىنغان ئىدى.

## مۇرتەدلەر ئۇرۇشلىرى

مۇرتەدلەر ئۇرۇشلىرىمۇ ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم ئۇرۇشلاردىن بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلاردا ئىسلام قوشۇنى غەلىبە قىلىپ، مۆئمىنلەرنىڭ ئىززەت ـ شەرىپىنى قوغدايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئەرەب قەبىلىلىرى ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

بىرىنچى تۈردىكىلەر ئىسلام دىنىدىن پۈتۈنلەي چىكىنگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ چىققان تەلھە بىن خۇۋەيلىد ئەلئەسەدىي دېگەن ئادەمگە ئەگەشكەن تەي، ئەسەد، غەتەفان، زىبيان ۋە فەزارە قەبىلىلىرىدىن، مۇسەيلەمە ئەل كەززابقا ئەگەشكەن ھەنىفە قەبىلىسىدىن، ئەسۋەد ئەلئەنسىيغا ئەگەشكەن يەمەنلىكلەردىن ئىبارەت.

ئىككىنچى تۈردىكىلەر زاكات بېرىشنىڭ پەرزلىكىگە ئىنكار قىلىپ، زاكات بېرىشتىن باش تارتقانلار بولۇپ، ئۇلار مالىك بىن نۇۋەيرە يېتەكچىلىكىدىكى تەمىم ۋە ھەۋازىن قەبىلىسى قاتارلىق قەبىلىلەردىن ئىبارەت.①

بۇ تۈردىكىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە ساھابىلەر ئارىسىدا دەسلەپتە ئىختىلاپ يۈز بەرگەن بولۇپ، كېيىن ئۇلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاكاتنىڭ پەرزلىكىگە ئىنكار قىلىپ، زاكات بېرىشتىن باش تارتقان بۇ مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش پىكرىگە قوشۇلىدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىسلام قوشۇنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى مۇرتەدلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ:

1 ـ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ناھايىتى سەزگۈر بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىش. مۇرتەدلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە

① الحكمة في الدعوة إلى الله ص (220).



www.uyghurkitap.com

ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ياخشى كۆزىتىپ، خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزۈپ تۇرۇۋاتقان سەزگۈر بىر كۈچنىڭ بارلىقنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ كۈچ ئەتراپىغا ياخشى كىشلەرنى يىغىپ، بارلىق توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدۇ ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئويۇشۇپ، مۇسۇلمانلار بىرلىكنى، ئىسلام خەلىپىلىكىنى ياخشى ھىمايە قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەدلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ، ئۇلار ئىمانىدا راستچىل، نىيىتىدە خالىس، ئۇرۇش مەيدانىدا سۇباتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىدۇ.

2 - يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە بۇتپەرەسلەردىن ئىبارەت يوشۇرۇن سۈيىقەست پىلانلاۋاتقان يامان نىيەتلىك كۈچلەرنى تارمار قىلىش. بۇ ئۇرۇشلار مۇرتەدلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقى ھەققىدە مۇھىم دەرس ۋە پىرىنسىپ بولىدۇ.

3 - پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنى كۇفرى قاراڭغۇلۇقىدىن ئىسلام نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بازا قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى. بۇ ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئەرەب يېرىم ئارىلى پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام تارقىتىش بۇلىقى بولىدۇ. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن تەلىم - تەربىيە، جىھاد ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى يۈرگۈزۈش قاتارلىق ساھەلەردە تەجرىبىلىك سەرخىللارگە ئايلىنىدۇ.

4 - ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشلار سەۋەبلىك بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىر نىزام ۋە بىر رەھبەرلىك ئاستىغا يىغىش. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىسلام قوشۇنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاخىرى مۇرتەدلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، چۇۋالچاق ھالەتتىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىر نىزام ۋە بىر رەھبەرلىك ئاستىغا يىغىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ.

5 - يەر شارى خاراكتېرلىك ئىسلام ئازادلىق ئۇرۇشلىرى ئۈچۈن ئىلاھىي تەييارلىق بولۇش. بۇ ئۇرۇشلار ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ بىلىملىك، ئاڭلىق ۋە كۈچ - قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، كېلەچەك ئىسلام ئازادلىق ئۇرۇشلىرى ئۈچۈن ياخشى ئۇل ھازىرلايدۇ.

6 - ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىدارىي ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇرتەدلەر ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قىلغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كېيىن، ئىسلام دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ۋىلايەتلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇپ، مەككە مۇكەررەمەگە ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيدنى، تائىفقا ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاسنى، سەنئاغا مۇھاجىر ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييەنى، ھەزرەموتقا زىياد ئىبنى لەبىيدنى، خەۋلانغا يەئلا ئىبنى ئۇمەييەنى، زەبىيد ۋە رەقە رايونلىرىغا ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىنى، نەجرانغا جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھنى، جەرشقا ئابدۇللاھ ئىبنى نۇرنى، بەھرەينگە ئەلا ئىبنى ئەلھەزرەمىينى، ئۇمانغا ھۇزەيفە ئەلقەلئانىينى، ياماگە سەلىت ئىبنى قىيسنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ①

## ئىسلام پەتىھلىرى

مۇرتەدلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى دۇنياغا ئىسلامنى تارقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولۇپ، ئىراق ئۇرۇشلىرىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە مۇساننا ئىبنى ھارىسە قاتارلىقلار قوماندانلىق قىلدۇ، رىم ئۇرۇشلىرىغا ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قوماندانلىق قىلدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، خەلىپىلىككە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، مۇسۇلمانلار يەرمۇك ئۇرۇشىدا رىملىقلار ئۈستىدىن، مەدائىن ئۇرۇشىدا ئىرانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، شام دىيارىدا رىم ئىمپېراتورلۇقىنى، ئىراندا كىسرا ئىمپېراتورلۇقىنى يىقىتىپ، خەلقنى كۇفرنىڭ زۇلمەتلىرىدىن ئازات قىلدۇ.

كېيىنكى ئىسلام قوشۇنلىرىمۇ ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا ئىلگىرىكى قوماندانلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ مېڭىپ، تارىختا مىسلىسىز غەلىبىلەرگە ئېرىشىدۇ. ھىجرىيە 479 ـ يىلى «زىللاقە ئۇرۇشى» دا يۇسۇپ ئىبنى تاشفىين قوماندانلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنى خرىستىيانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، ھىجرىيە 583 ـ يىلى «ھىتتىين ئۇرۇشى» دا يەنە خرىستىيانلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سالاھىدىن ئەييۇبىي قوماندانلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنى بەيتۇلمۇقەددەسنى ئازات قىلىدۇ.

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ سەۋەب، شەرت ۋە قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلغانلار تارىختا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ كەلدى. ئۆزلىرىدە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇجەسسەملىگەنلەرنىڭ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلەيدىغانلىقىدا شەك يوق!

-- داۋامى كېيىنكى ساندا...

① إتمام الوفاء في سيرة الخلفاء للشيخ محمد الخضري، ص59، 60.




ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىپ ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ھەرخىل پىكىر قىلىدىغان ۋە ھەرخىل ئويلايدىغان، خىلمۇخىل ئاڭ، تالانت ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغان. بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا «فىترەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ ئاللاھنىڭ فىترىتى بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەشۇ فىترەت بىلەن ياراتقان.﴾[1]

ئىنسانلارنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئاڭ - سەۋىيەسى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، مەسىلىلەرگە قارىتا كۆزقاراشلىرىدا ئوخشاشماسلىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. مەيلى دۇنياۋى ئىشلاردا بولسۇن، مەيلى دىنىي مەسىلىلەردە بولسۇن، تارىختىن بېرى ئىنسانلار ھەرخىل قاراش ۋە پىكىردە بولۇپ كەلمەكتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق داۋام قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ بۇ تۇغما فىترەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەردە ئوخشاش بولمىغان پىكىر ۋە كۆزقاراشلاردا بولۇپ كەلمەلتە.

دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما بۇ ئىختىلاپلارنى بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش ۋە بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇشنىڭ ئامىلى قىلىۋېلىش ئەڭ چوڭ بالا ۋە ئېغىر پالاكەتتۇر.

ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۈيۈك ھەنەفى، شافىئى، مالىكى ۋە ھەنبەلىدىن ئىبارەت تۆت مەزھىپى بار ئىدى. بۇ مەزھەپلەر ئارىسىدىمۇ ئىختىلاپلار بار ئىدى. لېكىن ھەربىر مەزھەپكە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمان باشقا مەزھەپتىكىلەرنىڭ

[1] سۈرە رۇم: 30 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

يولىمۇ ھەق، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ھەق يولدا دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئەھلى سۈننەت» دېگەن بايراق ئاستىدا بىرلىشەتتى ۋە بىر ـ بىرىنى قېرىنداشىم دەپ بىلەتتى، دۈشمەنلەشمەيتتى. پۈتۈن مۇسۇلمانلار تىنچ ـ ئامان ۋە خاتىرجەم ياشايتتى. دۈشمەنلەرمۇ ئۇلارغا ئالدىراپ چېقىلالمايتتى. شۇڭا ئۇلار يەر شارىنىڭ ھەر تەرىپىگە تاراپ ئىسلام دەۋىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇن يەرلەرنى فەتھى قىلغان. كېيىنكى ئەسىرلەردە دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە سېلىپ، پارچىلاش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ يوقىتىش پىلانىنى ئىشقا سېلىپ، مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ، بىر ـ بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان، ئىتتىپاقلىشالمايدىغان قىلىپ قويىدى. مانا مۇشۇ پارچىلىنىش نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار ئاجىزلاشتى. ئىسلام جۇغراپىيەسىنىڭ كۆپ قىسمى دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

ھەر يەردە مۇسۇلمانلار زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان، بولۇپمۇ ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن كاپىرلار خەلقئارالىق كۈچ بىرلىكى تەشكىللەپ، پىلانلىق ھالدا ھۇجۇم قىلىۋاتقان، بۇ ھۇجۇملارغا تاقابىل تۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىكى ئېغىر زۇلۇمنى يوقىتىش، مۇستەملىكە ئاستىدىكى ئىسلام تۇپراقلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش، ئاللاھنىڭ دىنىنى ھەممە دىنىدىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، بىرلىك كۈچكە، ئىتتىپاقلىققا، ھەمكارلىققا ئەڭ كۆپ مۇھتاج بولغان بۈگۈنكى كۈندە ئىسىملىرىنى ساناپ بولغىلى بولمايدىغان مەزھەپلەر، ئېقىملار، جامائەتلەر، تەشكىلاتلار ئوتتۇرىغا چىققىلى تۇردى. ھەربىر شەيخنىڭ قارىشى بىر مەزھەپ، ھەربىر ئالىمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىر جامائەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى پارچىلاپ، بىر يەرگە كېلەلمەيدىغان، بىر ئىش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشالمايدىغان، ھەقىقىي دۈشمەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى ئېقىتىلىۋاتسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان، يوقىلاڭ مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلار بىلەن بىر جامائەتكە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمان باشقا جامائەتكە مەنسۇپ بولغان قېرىنداشنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، كاپىرنى ئۆلتۈرۈدۈم دەپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشنى ئۆلتۈرىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنى مەيلى دۆلەت ياكى جامائەت سەۋىيەسىدە بولسۇن، دۈشمەنگە قارشى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئاجىز، بىچارە ئىنسانلار يىغىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئىسلام دۆلەتلىرى ئۆزىنىڭ دۇنياۋى مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ دۇنياۋى مەنپەئىتىگە دەخلى يېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنمايدىغان، ئۇلارنى ھىمايەت قىلمايدىغان، كاپىرلارنىڭ زۇلۇملىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ سۈكۈت قىلىپ، قاراپ تۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر يەردە مۇسۇلماننىڭ قېنى تۆكىلىدىغان،

ھەر يەردە مۇسۇلمان زۇلۇمغا ئۇچرايدىغان بولدى.

بىر ـ بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇپ، بىرلىك كۈچ بولغان ۋاقتىمىزدا ھېچكىم بىزگە تەڭ كېلەلىگەن ئەمەس. ئۇ چاغدا بىز بىر تەرەپتىن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن مەملىكەتلەرنى پەتھى قىلغان بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن گۈزەل ئەخلاقىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز بىلەن پۈتۈن دۇنياغا ئۇستاز بولۇپ، ئىلىم ـ پەن تارقاتقان ۋە ئىنسانىيەتكە مەدەنىيەت ئۆگەتكەن ئىدۇق. بۇنىڭغا بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىمىز گۇۋاھ. بىر ئاللاھقا، بىر پەيغەمبەرگە، بىر قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ھەر كۈنى بەش قېتىم بىر قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇيدىغان مۇئمىنلەر تۇرۇپ، قاچانكى ئوتتۇرىمىزغا ئىختىلاپ، بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش كىردى، كۈچىمىز ئاجىزلىققا، غەلىبىمىز مەغلۇبىيەتكە ئايلاندى؛ دۈشمىنىمىزگە يەم بولدۇق؛ ھېساپسىز بەدەللەر تۆلىدۇق؛ دۆلەتلىرىمىز قولىمىزدىن كەتتى، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاچ كۆز، مۇستەبىت، زالىملارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ھالبۇكى ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنى بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاللىبۇرۇن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن توقۇنۇشماڭلار. بولمىسا يېڭىلىپ قالىسىلەر، كۈچۈڭلار ۋە دۆلىتىڭلار قولۇڭلاردىن كېتىدۇ...﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىر ـ بىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ئاداۋەت تۇتماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلماڭلار، ئۆزئارا دوستلۇقۇڭلارنى بۇزماڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەندىن كېيىن كاپىرلىققا قايتىپ بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار.»[3]

بۇ ھەدىسنى سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى ئەزاسى دوكتۇر ئابدۇللاھ مۇتلەق مۇنداق ئىزاھلايدۇ: مەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلارنى كاپىرلىققا چىقارماڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، ئاراڭلاردا ئۇرۇش چىقىپ بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈسىلەر.

كونىلىرىمىزنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار:

مەن سەن بولدۇم، سەن مەن بولدۇڭ،
ھەم مەن بولدۇم، ھەم سەن بولدۇڭ.
مەن مەن بولدۇم، سەن سەن بولدۇڭ،
نە مەن بولدۇم، نە سەن بولدۇڭ.

جەمئىيەت ئەسلىدە بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. ھەربىرى ئايرىم فۇنكسىيىلىك، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئەزالىرىمىز ساغلام بىر گەۋدىنىڭ تەلىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان ھالدا، ھەمكارلىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ساغلام بىر جەمئىيەتنىڭ داۋام قىلالىشى ئۈچۈن، ئۇ جەمئىيەتنى تەشكىل

[1] سۈرە ئەنفال: 46 ـ ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

قىلغان ئوخشىمىغان قابىلىيەتلەر بىلەن يارىتىلغان ئەزالار ئىناقلىق ۋە ھەمكارلىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى لازىم. بەدەندىكى ئەزالارنىڭ قايسىبىرى فۇنكسىيىسىنى ۋە ئۆزىدىن كۈتۈلگەن ماسلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان دەرىجىدە ئاغرىپ قالسا، باشقا پۈتكۈل ئەزالارنى بىئارام قىلىپ، بەدەننىڭ تەكپۈكلىقىنى بۇزىدۇ. جەمئىيەت ھاياتىنىڭ تەكپۈكلۈق ۋە راھەت بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولغان ۋەزىپىسىنى ۋە كۈتۈلگەن ھەمكارلىقنى ئادا قىلالمىغان ئەزا ۋە گۇرۇپپىلارمۇ جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ مەنىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق ئىخچام بايان قىلغان: «مۇئمىنلەر بىر-بىرىنى دوست تۇتۇشتا، بىر-بىرىگە مەرھەمەت قىلىشتا ۋە بىر-بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشتا خۇددى بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەننىڭ قايسىبىر ئەزاسى ئاغرىسا قالغان ئەزالار ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىپ قېلىش بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.»①

## ئۇممەتنى بىرلىكتە تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسە نىمە؟

بىر جەمئىيەتنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرى بولغان خىلمۇخىل خاراكتېردا يارىتىلغان شەخسلەرنىڭ بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ئىچىدە بولۇشى لازىم. ئۇنداقتا جەمئىيەتنى بىرلىك ۋە قېرىنداشلىق ئىچىدە مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغان ئامىللار قايسىلار؟ ئۇ ئامىللار تۆۋەندىكىلەر:

### 1- ئىمان:

شۇ بىر ھەقىقەتكى، ھەر مىللەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلايدىغان ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشى ۋە ئالاھىدىلىكى بار. ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەرمۇ بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، بىر جەمئىيەتكە مەنسۇپلۇق ئۇنسۇرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇھىمى ۋە ئاساسلىق بولغىنى ئىماندۇر.

ئىمان جەمئىيەت ئەزالىرى بولغان شەخسلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋە ئورتاق قىممەتكە ئىگە بولغان ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۇلىدۇر.

ئىمان بىرلىكتە ياشاش، بىر-بىرىگە تايىنىش بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.﴾②

ئىماننىڭ مەنىسى ئىسلامدا ئىشىنىش تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرگە چىن ئىشىنىش بولغانىدەك، مۇئمىنلەر بىر-بىرىگە ئىشىنىش، ئىشەنچ قىلىش دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا بىر-بىرىگە ئىشىنىش يوقالسا، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق يوقىلىدۇ ۋە «قۇرئان كەرىم»دە

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

② سۈرە ھۇجۇرات: 10- ئايەت.

«ئۆلتۈرۈشـــــتىنمۇ يامـــــان» دەپ سۈپەتلەنگەن «پىتنە» ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پىتنە جەمئىيەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىككى دۇنيالىق سائادىتىنى نابۇت قىلىدىغان ئەڭ چوڭ بالادۇر. بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىدا مەيدانغا كېلىۋاتقان مۇقىمسىزلىق ۋە ۋەيرانچىلىق قاتارلىقلار مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى پىتنىلەرنىڭ تۈپەيلىدىن بولماقتا.

## 2 ـ ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىش:

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەر مۆئمىنلەرنىڭ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئىچىدە بولۇشىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق يوقالسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسىرلىك ئىپادىلەر بىلەن بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا بىر ـ بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىللىرىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن قېرىنداش بولدۇڭلار...﴾[1] بۇ يەردە ھەممىمىز بىرلىكتە ئېسىلىشقا بۇيرۇلغان «ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى» كىشىنى ئاللاھقا باغلايدىغان ۋاسىتە ۋە يولباشچى «قۇرئان كەرىم» بولۇپ، ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلغاندا ھەممىمىز بىرلىشەلەيمىز، بىرلىكتە ياشىيالايمىز؛ ئاجىز يىپلارنى توپلاپ ئەشكەندە كۈچلۈك ئارغامچا بولغاندەك، مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ چوڭ بىرلىك كۈچ بولالايمىز.

## 3 ـ ئەھلى سۈننەت يولىدىن ئايرىلماسلىق:

ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلغان ۋاقتىمىزدا مەيدانغا كېلىدىغان بىنا، ئېتىقادىمىزنىمۇ ئىش ـ ئەمەللىرىمىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر گەۋدە بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىنى بىزگە ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلساق ۋە ئۇ ئارغامچىغا مەھكەم ئېسىلىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ساھابە كىراملارنىڭ يولىدىن ماڭساق، جامائەت ھالىتىدە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلالايمىز، قىيىنچىلىقلىرىمىزنى بىرلىكتە ھەل قىلالايمىز. كۈچىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ، دۈشمىنىمىزنى تىترىتىپ، بېشىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مۇسۇلمانلىق غۇرۇرىمىز بىلەن تىنچ ـ ئامان ياشىيالايمىز. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا ھەقىقىي ئېسىلغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. «ئەھلى سۈننەت» دېگەن مانا مۇشۇدۇر. ئەگەر بىر جەمئىيەتتە پىتنە، پارچىلىنىش، بۆلۈنۈش يۈز بەرسە، بۇ ئۇ جەمئىيەت كىشىلىرى ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلمىغانلىقتىن بولىدۇ.

بۇ يەردە ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلىشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى نېمە؟ دېگەن بىر سوئال كەلسە، بۇنىڭ جاۋابىنى «قۇرئان كەرىم» مۇنداق بېرىدۇ: ﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا،

[1] سۈرە ئال ئىمران: 103 ـ ئايەت.

ئاجىزلىشىپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ، چىداملىق بولۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.》[1]

بۇ ئايەتتە بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ يەنى جامائەت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئۈچ پرىنسىپى بايان قىلىنىدۇ:

بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالاغا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش. يەنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف نېمىنى ئەمر قىلغان بولسا ـ بولۇپمۇ نەپسىمىزگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلاردا ـ ئۇنى جان ـ دىل بىلەن ئىجرا قىلىش، نېمىدىن توسقان بولسا، ئۇنىڭدىن قەتئىي يېنىش. يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە «مۇتلەق بويسۇنۇشتۇر»تۇر.

ئىككىنچىسى، ئىختىلاپلاشماسلىق. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئوتتۇرىمىزدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى باھانە قىلىپ بىر ـ بىرىمىزنى ئەيىبلەش، رەنجىتىش، دۈشمەنلىشىش ۋە بىرلىكىمىزگە ـ ئىتتىپاقلىقىمىزغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقتۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق بېشىمىزغا ئايەت ئاگاھلاندۇرغان يامان ئاقىۋەت كېلىدۇ، يەنى بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئىختىلاپلىشىپ بۆلىنىدىغان بولساق، ئىچىمىزدە قورقۇش يۈز بېرىپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز، دۆلىتىمىز قولىمىزدىن كېتىدۇ. ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ھالى مۇشۇ ئايەتكە ئەمەل قىلماسلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئۈچىنچى، سەۋر قىلىش. جامائەت يەنى جەمئىيەت ھالىتىدە بىرلىكتە ياشىغاندا، ھەر تۈرلۈك سەلبىي ئەھۋاللار، خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلار، مۇشەققەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، جەمئىيەت ئىچىدە پىتنىگە سەۋەب بولماسلىق ئۈچۈن سەۋر قىلساق، ئۇلۇغ ئىگىمىز ئاللاھ ئۆزىنىڭ رەھمىتى ۋە ياردىمى بىز بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «جامائەتنى چىڭ تۇتۇڭلار، بۆلۈنۈشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى شەيتان يالغۇز كىشى بىلەن بولىدۇ، ئىككى كىشىدىن يىراق قاچىدۇ. كىم جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئېلىشنى خالىسا، جامائەتكە مەھكەم ئېسىلسۇن. كىمكى ياخشىلىقى ئۇنى خۇرسەن قىلىپ، يامانلىقى بىئارام قىلسا، ئەنە شۇ ھەقىقىي مۇئمىندۇر...»[2]

بۇ ھەدىس مەسىلىنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە جىددىيلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى، ئېھسانى ۋە ياردىمى جامائەتنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.

ھەممىمىزنىڭ ناھايىتى ياخشى بىلىشىمىز لازىم بولغان بىر ھەقىقەت بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادا قويغان «سۈننەتۇللاھ» دەپ ئاتىلىدىغان قانۇنىيىتىگە كۆرە ئىش قىلىشتۇر. بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپ ئىش قىلغاندا ھېچكىم

---

[1] سۈرە ئەنفال: 46 ـ ئايەت.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: ھەسەن، سەھىھ، غەرىب. بۇ ھەدىس باشقا يوللاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

غەلىبە قىلالمايدۇ. بۇ دۇنيادا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەپ ياشايدۇ. ھايۋانلار ئالەمدىمۇ قانۇن مۇشۇ، ئىنسانىيەت ئالەمدىمۇ قانۇن مۇشۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشاشنى خالىغان كىشى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. بولمىسا، كۈچلۈكلەرگە يەم بولىدىغان گەپ. شۇڭا ئاللاھ تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئىختىلاپ قىلىشساڭلار كۈچۈڭلار كېتىپ قالىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. كۈچ كېتىپ قالسا ھەق ـ ھوقۇقمۇ كېتىدۇ، دۆلەت، مال ـ مۈلۈكمۇ كېتىدۇ، دىنمۇ كېتىدۇ، ئىززەت، شەرەپ ھەممە نەرسە كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا قۇللۇق، خورلۇق، ئېزىلىش، زۇلۇم ۋە باشقا بالا ـ مۇسىيبەتلەرنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ. تۈركچىدە «يىقىلغاننى ھېچكىم يۆلىمەيدۇ» دەيدىغان ماقال بار. يىقىلماي پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن كۈچ كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزنى كۈچ توپلاشقا ـ كۈچلۈك بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿دۈشمەنلەرگە قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر...﴾[1]

ئايەتتىكى «قورقۇتىسىلەر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بەزىلەرنىڭ چۈشەندۈرگىنىدەك، ئۇ يەردە بۇ يەردە بومبا پارتىلىتىپ، كاپىرلارنى قورقۇتۇڭلار دېگەن بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى سەييىد قۇتۇب دېگەندەك: كۈچ توپلاپ ھەر قانداق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇڭلاركى، دۈشمەنلەر سىلەرگە چېقىلىشتىن قورقسۇن؛ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىسۇن، دېگەن بولىدۇ.[2] كۈچ، بىرلىشىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئىككى دانە بىرنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىشلەتسەك (1، 1) ھەر بىرى بىرنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئەمما ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتسەك (11) ئون بىرنى ئىپادىلەيدۇ. نەچچە تونىنا ئېغىرلىقتىكى ماشىنىلارنى سۆرەيدىغان يوغان ئارغامچىلار بىر كىلو نەرسىنى كۆتۈرەلمەيدىغان ئاجىز يىپلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىنىدۇ.

ئەمدى ھەممىمىز بىردەك ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىشىمىز كېرەك. بىر ـ بىرىمىزنى دوس تۇتۇشىمىز، كەمچىلىكلىرىمىزنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈشىمىز، كېلىشەلمەسلىكلىرىمىزگە خاتىمە بېرىشىمىز، ئىختىلاپلارنى تاشلاپ ئىتتىپاقلىششىمىز، كۆزقاراشلارنىڭ ئوخشىماسلىقىنى بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىشنىڭ سەۋەبى قىلىۋالماسلىقىمىز، بىرلىك كۈچ بولۇشىمىز لازىم. بولمىسا نە راھەت نەپەس ئالالايمىز، نە كۆز ياشلىرىمىز توختايدۇ.

دېمەك، ئاياغ ئاستى قىلىنغان ھەق ـ ھوقۇقلىرىمىزنى قولىمىزغا ئالىمىز دېسەك، بىرلىك كۈچ بولۇشىمىز كېرەك!

ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىمىز، ئۇنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلايمىز دېسەك، بىرلىك كۈچ بولۇشىمىز كېرەك!

[1] سۈرە ئەنفال: 60 ـ ئايەت.

[2] فى زىلالىل قۇرئان، سۈرە ئەنفالنىڭ 60 ـ ئايىتىنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ۋە غەلىبىسىگە ئېرىشمىز دېسەك، بىرلىك كۈچ بولۇشىمىز كېرەك!

ئاللاھتىن ياردەم تىلەپ قىلغان دۇئالىرىمىز قوبۇل بولسۇن دېسەك، بىرلىك كۈچ بولۇشىمىز كېرەك!

دەپسەندە قىلىنغان ئىززەت ۋە شەرىپىمىزنى قايتىدىن تىكلەيمىز دېسەك، بىرلىك كۈچ بولۇشىمىز كېرەك!

ئىشغال قىلىنغان زېمىنلىرىمىزنى ئازات قىلىمىز دېسەك، بىرلىك كۈچ بولۇشىمىز كېرەك!

زالىملارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ ھۆر ياشايمىز دېسەك، بىرلىك كۈچ بولۇشىمىز كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق!

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتەيلىكى، بىز بۇ يەردە جامائەتچىلىككە ياكى جامائەتلەرگە قارشى چىقماقچى ئەمەس. چۈنكى كىشىلەر ئۆزى ياقتۇرغان بىر لىدېرنىڭ ئارقىسىدا بىرلىشىپ، بىر جامائەت بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بىز پەقەت جامائەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار تۈپەيلى پارچىلىنىپ، بىر ـ بىرىنى يامان كۆرىدىغان، بىر جامائەتنىڭ مەنسۇبى باشقا جامائەتنىڭ مەنسۇبىنى ئازغۇن ـ كاپىر دەپ قارايدىغان بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرماقچىمىز. سىياسىي جامائەت بولسۇن، جىھادىي جامائەت بولسۇن، تەبلىغ جامائىتى بولسۇن، ئۇممەتنىڭ ھەممە جامائەتنىڭ خىزمىتىگە ئېھتىياجى بار. ھەر جامائەت ئىسلامنىڭ ۋە ئۇممەتنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىغان خىزمەتلىرىنى قىلىۋەرسە، باشقىلارنى ئەيىپلىمىسە، تىللىمىسا، دۈشمەنلىك قىلمىسا، ئۇممەتنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ ئىشىدەك ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلسا، ھېچقانداق مۇشكۈللۈك يوق.

ئاخىردا ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ھەققىدىكى مۇقەددەس كالامىنى ئەسلىتىش بىلەن سۆزىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز:

﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، ئاجىزلىشىپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ، چىداملىق بولۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.﴾[1]

﴿ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا بىر ـ بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىللىرىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن قېرىنداش بولدۇڭلار...﴾[2]، ﴿ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ پارچىلانغانلارغا ئوخشاش بولماڭلار. ئەنە شۇنداقلار ئۈچۈن كاتتا ئازاب باردۇر.﴾[3]

---

[1] سۈرە ئەنفال: 46 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران: 103 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران: 105 ـ ئايەت.




## قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

قۇرئانچىلار ″ھەدىس شەرىپنى قويۇپ تۇرۇپ، قۇرئان بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز″ دەپ «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭدىن يالىڭاچلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزلىرى بىلگەنچە، ئۆز خاھىشى بويىچە تەئۋىل ۋە تەپسىر قىلماقچى بولىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە راستچىل تەرجىمانى بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم» ھەركىم ئۆزى خالىغانچە تەپسىر ۋە تەئۋىل قىلالايدىغان مۇداپىئەسىز بىر كىتابقا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يامان نىيەتلىك كىشىلەر «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈپ مۇسۇلمانلارنى يولدىن چىقىرىدۇ.

تارىخشۇناسلار قۇرئانچىلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردىكى خاۋارىجلارغا باغلايدۇ. چۈنكى سۈننەتنى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغانلار دەل شۇ چاغدىكى خاۋارىجلار بولۇپ، ئۇلار زىنا قىلغۇچىنى جازالاشقا ۋە ئاياغقا مەسھى قىلىشقا قارشى چىققان، بۇ ھەقتە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغان ئىدى. چۈنكى خاۋارىجلار شۇ زامانلاردا «بىزگە قۇرئان كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن شۇئارنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھەدىسنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى. ئەمما قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنىڭ يىلتىزى سېسىپ تۈگەشكەن، ئىسلام دۇنياسىدا بۇ پىكىرنىڭ نام ـ نىشانىسىمۇ قالمىغان ئىدى.

ئۇلار مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە ئىراقتا يەنە بىر قېتىم باش كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، ناھايىتى تېز، ئوخشاشلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئەنگلىيە مۇستەملىكچىلىرىنىڭ

ئەستايىدىل پىلانلىشى ئارقىسىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ھىندىستاندا سەر سەييىد ئەھمەد بىلەن مەۋلىۋى چىراغ ئەلى ھەدىس ئىنكارچىلىقىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى پاكىستاندا، ئەسلەم جىراجپۇرى ۋە چەۋدرى غۇلام پەرۋىز دېگەن كىشىلەر شۇلارنىڭ تۆرەلمىلىرىگە ئايلانغان. ئەرەب ئەللىرىدە مۇھەممەد تەۋفىق سىددىقي، مۇھەممەد ئىسئاق ئەننەشا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەملىكچىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى بۆلۈپ باشقۇرۇش سىياسىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ۋە شۇلارنىڭ پىلانلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان شەخسلەر ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆلىمالارنىڭ ئەجەللىك رەددىيەلىرى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ غەزەپلىك نەپرىتى بىلەن شەرمەندىلەرچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئانچىلارنىڭ بۇ كۇفرىلىقىغا ھەرگىز قاراپ تۇرمىغان، ئۇلارغا ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بەرگەن ۋە «قۇرئان كەرىم»نى سۈننەتتىن ئايرىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان.

ئەمدىلىكتە بولسا، قۇرئانچىلار ئىلگىرىكىدەك ئاشكارا مەيدانغا چىقالماي، مەخپىي ھالدا ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، دىنىي سەۋىيىسى بىرقەدەر ئاجىز بولغان، ئىسلام ئەللىرىدە يىلتىز تارتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھەرىكەت پىلانى ئىلگىرىكىدەك ھەدىسنى ئاشكارا ئىنكار قىلىشنىڭ ئەكسىچە ھەدىسنى ئېتىراپ قىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلامنىڭ ئەھكام (قانۇن) قىسمىغىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئاللىبۇرۇن ھەل قىلىنىپ، بەلگىلىنىپ بولغان ئەھكاملاردىن قۇسۇر تېپىش، قايتا ئىجتىھاد قىلىشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى بولمىغان مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە پىتنە تېرىش، بۇ مۇددىئاغا خىزمەت قىلىدىغانلا كىشىگە سەۋىيە سۈرۈشتە قىلماستىن، تەتقىقاتچىلىق تاجىنى كەيدۈرۈپ، بىر تۈركۈم گۇمانخور ھەدىس قاتىللىرىنى مەيدانغا چىقىرىش ۋە شۇ ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنىڭ ئايرىلماس مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىشقا يول ئېچىش، جۈملىدىن مۇستەملىكچى ئەجنەبىيلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەدىسكە بولغان مۇقەددەس ئىشەنچىسىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەتتۇر.

«قۇرئانچىلار»نىڭ يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردىكى نامايەندىلىرى مىسىردا ئەھمەد سۇبھى مەنسۇر، تۈركىيەدە ئابدۇلئەزىز بايىندىر قاتارلىقلاردۇر...

## ھەدىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەسىدۇر

ھەدىس (ياكى سۈننەت) «قۇرئان كەرىم»دىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى ئاساسلىق دەستۇرى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەھكاملىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقي تەرجىمانىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان ۋە بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە سۈننەتتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، نامازنى قانداق، قانچە ۋەقت ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئوقۇشنى بايان قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھيىسگە تايىنىپ ئۆز سۈننەتلىرى ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇجمەللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ناماز ۋە باشقا ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە تەرتىپلىرى، سانى ۋە ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى بىكىتكەن. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار» ① دەپ ئۆگەتكەن. زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق.

«بىز قۇرئانچىلارمىز»، «بىز پەقەت قۇرئانغىلا تايىنىمىز»، «قۇرئان ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان، ئاڭلىنىشى چىرايلىق، يامان نىيەتلىك كۆزدە تۇتۇلغان شۇئارلارنى توۋلاپ يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمسا كېرەك. بۇ سۆزلەر«باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆز»لەردۇر. چۈنكى «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز، ھەق سۆز. چۈنكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قۇرئانچىدۇر. ئۇ قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى باتىلنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. ئۇ باتىل قايسى دېگەندە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقي تەرجىمانى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىكى مەقسەت ـ مۇددىئالارنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە شەرھلەپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، قۇرئاننى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، خالىغانچە تەئۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى پۇچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت، نىجىس مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر! سۈننەتنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىر زامان كېلىدۇكى، بىراۋ ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ھەدىسلىرىمدىن بىرەر ھەدىس ئوقۇلغىنىدا، «سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەنلەرنى ھالال،

① ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھارام دېگەنلەرنى ھارام دەپ بىلسەك بىز گە يېتىدۇ» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشلارمۇ ئاللاھ ھارام قىلغانغا ئوخشاشتۇر!» [①] .

قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىپ، سۈننەتتىن بىھاجەت بولىمىز دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزلىرىنى «قۇرئانچىلارمىز» دەپ ئاتىۋالغۇچىلار ئەمەلىيەتتە قۇرئانچىلار ئەمەس. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنى پەرز قىلغان. يەنى ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق﴾[②]. «قۇرئان كەرىم» بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ئىمانىنى يوق سانىغان. ﴿(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمۈڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.﴾ [③]

## «قۇرئان كەرىم» سۈننەتتىن بىھاجەت بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ چۈشۈردۇق﴾[④] دېگەن. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى قۇرئان ۋە سۈننەت ئىككىسى بىلەن بەرپا بولغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈننەتكە بولغان ئېھتىياجى بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئېھتىياجلاردىن بىرىدۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە بۇ ئىككى مەنبەنى ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ كەلمەكتە. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم. بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر. ئۇلار: قۇرئان ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر»[⑤] دەپ كۆرسەتكەن.

سۈننەت «قۇرئان كەرىم»دىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەپ بەرگۈچى، مۇجمەللىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەرگۈچى بىردىنبىر مەنبەدۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى «قۇرئان كەرىم»دە ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قائىدە ـ تەرتىپىنى، قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان. بۇنى

① ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
② سۈرە نىسا: 80 ـ ئايەت .
③ سۈرە نىسا: 65 ـ ئايەت.
④ سۈرە نەھل: 44 ـ ئايەت.
⑤ ھاكىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايان قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇشىنىڭ قائىدىلىرىنى، ئۇنىڭ رەكئەت سانىنى، زاكاتنىڭ مىقدارىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە ھەدىسلىرى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك، نۇرغۇن ئەھكاملار سۈننەت ئارقىلىق بەلگىلەنگەن. ئەگەر سۈننەت بولمايدىغان بولسا، بىز ئاللاھ تائالاغا قانداق ئىبادەت قىلىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇستىمىزدىكى ھەققىنى قانداق ئادا قىلىشنى نەدىن بىلەر ئىدۇق؟

## سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار كاپىرلاردۇر

ئىبنى ھەزىم ① «ئەل ئىھكام فى ئەل ئەھكام» ناملىق ئەسىرىدە: «كىمكى بىزگە ‹قۇرئان› يېتىدۇ، قۇرئاندىكىلەرنىلا ئالىمىز دەيدىكەن، مۇنداق ئادەم پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ» دېگەن. ئاجىرى ② «شەرىئەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 ـ توم 412 ـ بېتىدە مۇنداق دېگەن: «‹قۇرئان كەرىم›دىكى پەرزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بارچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى سۆزلىگەن ئادەم ئىسلام مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە كۇففارلاردىن سانىلىدۇ».

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق دېگۈچىلەر مۇرتەد بولغان شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى سۈننەتكە ئىنكار قىلغانلىق قۇرئانغا ئىنكار قىلغانلىق، قۇرئان بىلەن سۈننەت ئىككىسىنىڭ قايسىبىرىگە ئىنكار قىلغان ئادەم پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ» ③ .

## ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە

قۇرئانچىلارنىڭ «ھەدىسلەر ئارىسىدا يالغان ھەدىسلەرمۇ ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، ھەدىسقا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلام ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن ھەدىسشۇناس ئالىملار تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇنلۇق سۆز ئەمەس. ئىسلام

① ئىبنى ھەزىم ـ (384ھ 994م) ئەندۇلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)دە دۇنياغا كەلگەن، زاھىرى مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى، فىقھ، ھەدىس، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن، ئىمام تەبەرىيدىن قالسا ئەڭ كۆپ كىتاپ يازغان، چوڭ ھەجىملىك 12 پارچە كىتابنىڭ ئاپتورى، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بىرى، تەقلىدچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئىزچىل ئەگىشىش پىكرىنى جانلاندۇرغان، زالىم پادىشاھلارنىڭ مال ـ دۇنيا بېرىپ ئۆزلىرىگە تارتىشىغا كەلمىگەن، ئاتاقلىق ئالىم. ھىجرىيە 456 ـ يىلى شەبان ئاينىڭ 28 ـ كۈنى (مىلادىيە 1064 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇل) كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

② ئاجىرى ـ ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەين ئابدۇللا ئاجىرى 280 ھ باغدادتا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس ئالىم، 10 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك كىتاب يازغان، 360 ـ يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە ۋاپات بولغان.

③ «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» 2 ـ توم 403 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆلىمالىرى ھەدىسلەر ئىچىدىن راست ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىرىش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، يالغان ۋە شۈبھىلىك ھەدىسلەرنى ئاللىبۇرۇن پاش قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدىلا رەت قىلغان. ئىسلام دۇنياسىدا بۈگۈنگىچىلىك «يالغان ھەدىسلەر» دېگەن نام بىلەن يېزىلغان يۈزلەرچە ئەسەرلەر بۇنىڭ مىسالى.

يىراق ئۆتمۈشلەردىن زامانىمىزغىچە ھەدىس نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان ھەرقانداق يالغان ياكى شۈبھىلىك ھەدىسلەر رەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

مۇھەددىس(ھەدىسشۇناس) ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر ئىچىدىن راست-يالغانلىرىنى، ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىزلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىسپاتلاشتا ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن زامانىمىزغا قەدەر ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى ياراتقان كىشىلەردۇر. دۇنيا تارىخىدا مۇھەددىس ئالىملارنىڭ ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىشتا قوللانغان مېتود ۋە پرىنسىپلىرىنى ھېچقانداق بىر مىللەت، ھېچقانداق بىر ئىلىم ساھەسىدە قوللانغان ئەمەس. دۇنيادا ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ مەنبەلىرى «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەت ساقلانغاندەك ساقلانغان ئەمەس ۋە بۇ ئىككىسى يېتىپ كەلگەندەك ئەينەن يېتىپ كەلگەن ئەمەس. مۇھەددىسلەرنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى تولۇق بايان قىلىش ئۈچۈن تىل ئاجىز، كىتاب يېتەرسىز قالدۇ.

زامانىمىزدىكىگە ئوخشاش ئالاقە ۋە ئۇچۇر ۋاستىلىرى، ئىنتېرنېتكە ئوخشىغان ئىزدىنىش قورالى بولمىغان ئۆتمۈشتىكى زامانلاردا مۇھەددىس ئالىملار بار ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىپ، دۆلەتتىن دۆلەتكە ئاتلاپ يۈرۈپ، ھەدىس بىلىدىغان ئادەملەرنى ئىزدەپ، ھەدىس توپلاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى قۇربان قىلغانلىقى ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ خىزمەت ئىدى. مۇھەددىسلەرنىڭ پېشۋاسى ئىمام بۇخارىنىڭ مەككە-مەدىنە شەھەرلىرىدە 16يىل تۇرۇپ ھەدىس توپلىغانلىقىمۇ بۇنىڭ مىسالى.

مۇھەددىسلەر بىرەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا، شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان باغلىنىش ياكى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ راستچىللىقىدا ياكى تەقۋالىقىدا ئازراق شەك كۆرۈلگەن ھامان ئۇ ھەدىسنى رەت قىلىپ كەلگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھەدىسنى ياكى قانداقلا بىر خەۋەرنى ئىنقىلاشتىكى ۋايىغا يەتكەن ئېھتىياتچانلىقىغا ۋە ئىنتايىن ھوشيارلىقىغا ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان باشقا دىنىنىڭ ئالىملىرىمۇ قايىل بولۇپ كەلمەكتە.




سوئال: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك دوكتور ئۇستاز. ئالتۇن زىبۇ-زىننەت تىجارەتچىلىرى ئادەتتە دۇكىنىغا مال تولۇقلاش جەريانىدا توپ مال چىقىرىدىغان ئورۇنلاردىن دۇكىنىغا كىرەكلىك ماللارنى تاللاپ، گىراملاپ بولغاندىن كېيىن بۇنى ئاشۇ كۈنىنىڭ ئالتۇن باھاسى بويىچە ھېسابلىتىدۇ. لېكىن ئالغۇچى ساتقۇچى ئىككىيلەننىڭ چۆپقەتلىك ۋە تىجارەتتىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا ئالتۇننىڭ پۇلىنى شۇچاغدا نەق بەرمەي ئېلىپ كېتىپ، بىرەر قىسمىنى سېتىپ ياكى ساتقانسىرى كۈنلۈك سودىغا قاراپ بېرىشكە ھەمكارلىق ئورنىتىدۇ. مۇددەت بەزىدە ئاز دىگەندە شۇ كۈنى كەچ تەرەپتە ياكى ئۇزۇنى 10-15 كۈنگە سوزۇلغان بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئالغۇچى تەرەپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، بەرگۈچى تەرەپ سۆيلەيدۇ. مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. ھەتتا بەزىدە بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىم-بېرىم ئاياغلاشمايدۇ بەلكى ھېسابات ئارقىلىق داۋاملىشىپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ سودىنىڭ شەرئىيەتتىكى ھۆكمى نىمە؟

يەنە بىرخىل ئۇسۇلى ئالغۇچى تەرەپ ئالتۇننى گىراملاپ ئالىدۇ، لېكىن بۇ ئالتۇننى شۇ كۈنىنىڭ ئالتۇن باھاسى بويىچە ھېساب قىلمايدۇ بەلكى مانچە گىرام ئالتۇن ئالغۇچىغا ئۆتتى دىگەن توختام بۇيىچە ھېسابلايدۇ. ئاندىن ئىختىيار ئالغۇچىغا ئۆتكەن بولىدۇ. ئالغۇچى ئالتۇننىڭ ئۆسۈپ، چۈشۈپ تۇرۇش ئەھۋالى ۋە ئۆزىنىڭ ئالتۇن زاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ئاساستا يىغى ئالتۇن ئورنىغا گىراملاپ كونا ئالتۇن بېرىدۇ. يىغى-كونىلىق پەرقى، ئىش ھەققى دىگەنلەرنى ئايرىم بېرىدۇ ياكى خالىغان بىر كۈنى شۇ خالىغان كۈندىكى ئالتۇن باھاسى بويىچە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

پۇلغا سۇندۇرۇپ پۇل بېرىدۇ. دېمەك، ئا تەرەپ بىلەن ب تەرەپنىڭ ھېساباتى ئالتۇننىڭ گراملىق ساندا بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى قويۇق بولغاچقا ئېلىم-بېرىم نەقمۇنەق بولماستىن ھېسابات دەپتىرى ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ خىلدىكى سودىنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمى نېمە؟ ئاللاھ رازى بولسۇن!

جاۋاب: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ:

بارلىق ھەمدۇ-سانا جانابى ئاللاھقا بولسۇن، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت-سالاملار بولسۇن.

سوئالدا بايان قىلىنغان ھەر ئىككى خىل سودا تۈرى شەرىئەتتە توغرا بولمىغان سودىلار بولۇپ، مەزكۇر ئەھۋاللاردا سودا ھارام بولۇش بىلەن بىللە، جازانە شەكىللىنىدۇ.

چۈنكى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى ئېلىپ-سېتىشتا ئادەتتىكى سودىدا شەرت قىلىنغان شەرتلەردىن باشقا بىرنەچچە ئالاھىدە شەرت تېپىلىشى كېرەك. بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى تۆۋەندىكى ئىككى شەرت:

1. ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى ئۆز تۈرىگە سېتىشتا يەنى ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە سېتىشتا نەقمۇنەق ۋە ئېغىرلىقى تەڭمۇتەڭ بولۇشى شەرت. بۇ شەرتكە رىئايە قىلىنمىغان ئەھۋالدا جازانە شەكىللىنىدۇ. ئەبۇ سەئىيد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتۇننى ئالتۇنغا تەڭمۇتەڭ بولمىسا ساتماڭلار، بەزىسىنى بەزىسىگە ئارتۇق قىلماڭلار. كۈمۈشنى كۈمۈشكە تەڭمۇتەڭ بولمىسا ساتماڭلار، بەزىسىنى بەزىسىگە ئارتۇق قىلماڭلار. ئۇنىڭ نېسىسىنى نەقكە ساتماڭلار.»[①]

2. ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى ئۆز تۈرىدىن باشقا بىر تۈرگە يەنى ئالتۇننى كۈمۈشكە ساتقاندا نەقمۇنەق بولۇشى شەرت. ئېغىرلىقى تەڭ بولۇشى شەرت ئەمەس. بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ ئىجماسى بار. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

يۇقىرىقى ئىككى شەرت تېپىلمىسا جازانە شەكىللىنىدۇ. مەزكۇر ئىككى سودا ئۇسۇلىدا بۇ شەرتلەر تېپىلمىغان بولۇپلا قالماي، ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا باھانىڭ ئالتۇنمۇ ياكى پۇلمۇ؟ پۇل بولسا گىرىمى قانچىدىن بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ نامەلۇملىقى سودىنىڭ ھاراملىقىنى، باتىللىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

يەنە ئالىملار سەھىھ ھەدىسلەرگە تايىنىپ بىردەك ئىجما قىلىپ مۇئەييەنلەشتۇرگەنكى، سودا-سېتىق ۋە جازانە ئەھكاملىرىدا ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى شۇنداقلا كونا-يېڭىلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. نەتىجىدە سۈپەتلىكنى ناچارىغا، كونىسىنى يېڭىسىغا بىرىنى ئېغىرراق قىلىپ ياكى يېڭى-كونىلىق پەرقى، ئىش ھەققى

① ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم: "بۇخارىي" 2177-ھەدىس. "مۇسلىم" 1584-ھەدىس.

ئۈچۈن پۇل بېرىپ سودىلاشسا توغرا بولمايدۇ. بەلكى كونا ئالتۇننى سېتىپ پۇلنى ھېسابلاپ ئېلىپ، ئاندىن يېڭى ئالتۇننىڭ سودىسىنى قىلىپ ئۇنىڭ پۇلىنى نەق بېرىش لازىم.

بۇنى ئېنىق قىلىپ بايان قىلغان ھەدىسلەردىن مىسالغا ئالساق: ئەبۇ سەئىد خۇدرى بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككەيلەن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلاردىن بەنى ئەدى جەمەتىدىن بىر كىشىنى خەيبەرگە ئەۋەتىپ ئەمەلدار قىلىپ ئىشلەتكەن ئىدى، ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھقا ياخشى خورمىلارنى ئېلىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن: «خەيبەرنىڭ خورمىسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: ياق يا رەسۇلەللاھ! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ خورمىدىن بىر سانى[1] ئارىلاش خورمىدىن ئىككى ساغا ئالىمىز. دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «ئۇنداق قىلماڭلار، لېكىن تەڭگە تەڭ تېگىشسەڭلار بولىدۇ، ياكى ماۋۇ ناچارلىرىنى تەڭگىلەرگە سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا مۇنداق ياخشىلىرىنى سېتىۋېلىڭلار، تارازا بىلەن سېتىلىدىغان نەرسىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.»[2]

يەنە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا، تۇزنى تۇزغا تەڭمۇتەڭ ۋە قولمۇقول تېگىشىش لازىم. كىمكى ئارتۇق بەرسە ياكى ئارتۇق ئېلىشنى تەلەپ قىلسا، ئالغۇچىمۇ، بەرگۈچىمۇ ئوخشاشلا جازانە قىلغان بولىدۇ.»[3]

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە، بۇغداينى بۇغدايغا، ئارپىنى ئارپىغا، خورمىنى خورمىغا، تۇزنى تۇزغا ئوخشاشمۇ ئوخشاش، تەڭمۇ تەڭ ۋە قولمۇ قول نەق تېگىشىش لازىم. مۇبادا بۇ تۈرلەر پەرقلىق بولسا، نەقمۇنەق بولغان تەقدىردە خالىغان بويىچە سېتىڭلار.»[4]

ئىمام نەۋەۋى ئاخىرقى ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار بۇ ھەدىس ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ سۈپەتلىكى، سۈپەتسىزى، سىقى، سۇنۇقى، زىبۇ ـ زىننىتى، كېپىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساپ بولسۇن، باشقا نەرسىگە ئارىلاشقىنى بولسۇن ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجما قىلىنغاندۇر.»[5]

ئىمام سەرەخسىيمۇ يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە ئاساسەن مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى بىر تىللانى ئۇنىڭدىن پىرسەنتى ياخشىراق بىر تىللاغا سېتىۋالماقچى بولسا ۋەزنى تەڭمۇتەڭ

[1] سا- قەدىمي ئۆلچەكلەردىن بولۇپ، بىر سا3كىلو 250 گىرامىغا تەڭ.

[2] سەھىھەين: ″بۇخارى″ 7350 ـ 7351 ـ ھەدىس. ″مۇسلىم″ 1593 ـ ھەدىس.

[3] ″مۇسلىم″ 1584 ـ ھەدىس.

[4] ″مۇسلىم″ 1587 ـ ھەدىس.

[5] "شرح النووي على صحيح مسلم" 10/11.

www.uyghurkitap.com

بولمىسا توغرا بولمايدۇ. بىر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭ ياخشىسى، ناچىرى، زىبۇ ـ زىننەت شەكلىدىكىسى، كېپىكى، ئېقى ۋە قارىسى بۇ ھەقتە باراۋەر. چۈنكى شەرئەتنى ئېلىپ كەلگۈچى زات ئەلەيھىسسالام ئۇ ھەدىسلەردە كۈمۈشنى كۈمۈش قارشىسىدا تىلغا ئالغان. كۈمۈش ئىسمى يۇقىرىقى تۈرلەرنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتقاندىمۇ شۇنداق. ياخشىسى، ناچىرى، كېپىكى ۋە زىبۇ ـ زىننەت شەكلىدىكىسى بازاردا پۇل قاتارىدا ئىشلىتىلسۇن ياكى ئىشلىتىلمىسۇن بۇ ھەقتە ھەممىسى باراۋەر. چۈنكى ئۇلارنى ئۆز تۈرىگە ئالماشتۇرغاندا سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى ياكى ھۈنەر قېتىلغانلىقىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ بارلىقى يوقلۇقىغا ئوخشاش. بىز يۇقىرىدا توختام سورۇنىدا ئىككى تەرەپ بەدەلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشى پەرز دەپ بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇنىڭدا ئازغىنە مۇددەت بەلگىلىسىمۇ بولمايدۇ. ئىككى بەدەلنىڭ بىرىنى توختام سورۇنىدا تاپشۇرۇپ ئالماي قويۇش توختامنى باتىل قىلىۋېتىدۇ. شۇنداق بولىدىكەن بەدەلنى كېچىكتۈرۈش ئاشۇ توختام تەقەززاسىغا زىت كېلىدۇ. توختام تەقەززاسىغا زىت كېلىدىغان بىر نەرسىنى شەرت قىلىش بولسا توختامنى باتىل قىلىۋېتىدۇ.»①

دەۋرىمىزدىكى قەغەز ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن باشقا پۇللار ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. نەتىجىدە قەغەز پۇلنى قەغەز پۇلغا ئالماشتۇرۇشتا ئالتۇن بىلەن كۈمۈشكە ئوخشاشلا يۇقىرىقى ئىككى شەرت تېپىلىشى لازىم. بولمىسا جازانىگە ئايلىنىدۇ.

«فىقھى ئاكادېمىيىسى» مەككە مۇكەررەمەدىكى 5 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مۇنداق قارار چىقارغان: قەغەز پۇل ئۆز ئالدىغا ئايرىم پۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش پۇللارنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭدا زاكات پەرز بولىدۇ. بىرىنى بىرىگە سېتىشتا ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتە شەكىللەنگەندەكلا (سېتىش شەرتى تېپىلمىسا) ئارتۇق ۋە نېسى جەھەتتىن كېلىپ چىقىدىغان جازانە شەكىللىنىدۇ. «فىقھى ئاكادېمىيىسى» يەنە: تارقاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قەغەز پۇللار ئوخشىمىغان تۈردىكى پۇل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: سەئۇدى قەغەز پۇلى بىر تۈر، ئامېرىكا قەغەز پۇلى بىر تۈر. مۇشۇ تەرىقىدە ھەربىر تۈردىكى قەغەز پۇل ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر تۈر ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا جازانىنىڭ ئارتۇق ـ كەملىك جازانىسى بولسۇن، نېسىلىك جازانىسى بولسۇن (بېكىتىلگەن شەرتى تېپىلمىغاندا) ھەر ئىككى تۈرى شەكىللىنىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە مۇنداق خۇلاسىلىگەن: پۇللارنىڭ ھەممىسى تۆۋەندىكىلەرنى تەقەززا قىلىدۇ:

1. قەغەز پۇلنى قەغەز پۇلغا ياكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ياكى باشقا ماددىدىن ياسالغان باشقا تۈر پۇللارغا نېسى سېتىشقا مۇتلەق بولمايدۇ. مەسىلەن: سەئۇدى

① "المبسوط" للسرخسي 11/14.

رىيالنى باشقا بىر پۇلغا ھەر ئىككى پۇلنى نەق تاپشۇرۇپ ئېلىشماي نېسى سېتىشقا بولمايدۇ.

2. بىر تۈردىكى قەغەز پۇلنى شۇ تۈردىكى پۇلغا نەق بولسۇن ياكى نېسى بولسۇن بىرىنى ئارتۇق، بىرىنى كەم سېتىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: 10 سەئۇدى قەغەز رىيالنى 11 سەئۇدى قەغەز رىيالغا نېسى بولسۇن ياكى نەقمۇ ـ نەق بولسۇن سېتىشقا بولمايدۇ.

قەغەز پۇلنى باشقا تۈردىكى قەغەز پۇلغا نەقمۇنەق بولسا سېتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن سۈرىيە ياكى لىۋان 1 لىراسىنى سەئۇدى 1 رىيالغا ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپكە سېتىشقا بولىدۇ. رىيال قەغەز ياكى كۈمۈش بولسۇن ئوخشاش.[1]

بۇ قارارنى ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر فىقھى ئاكادېمىيەلىرى، پەتىۋا كومىتېتلىرى ھەممىسى تەكىتلىگەن ۋە قەغەز پۇلنى جازانە ۋە زاكات ئەھكاملىرى ئىسپاتلىنىش جەھەتتىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئورنىدا قارىغان.[2]

بۇنىڭدىن ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى قەغەز پۇلغا ئېلىپ ـ سېتىشتا نەقمۇنەق بولمىسا جائىز بولمايدىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ.

قەغەز پۇل بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ پەرقى شۇكى، ئالتۇن كۈمۈش ئاللاھ تەرىپىدىن پۇل قىلىپ يارىتىلغان مەدەندۇر. كېپىكى بولسۇن، چوكىسى، نوكچىسى بولسۇن، پۇللۇق ئالاھىدىلىكى يوقاپ كەتمەيدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالتۇن ـ كۈمۈش زىبۇ ـ زىننەتلەرمۇ ياسىلىش بىلەن پۇل بولۇش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەمما ھازىرقى قەغەز پۇللار بولسا دۆلەتلەر تەرىپىدىن تاۋار ئەشيالارنىڭ باھاسى قىلىپ بېكىتىلگەن بولغاچقا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى بىلەن پۇللۇق سۈپىتىنى يوقىتىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كېپىكى بولسۇن ياكى چوكىسى، نوكچىسى بولسۇن، زەربى قىلىنغان (سوقۇلغان) تەڭگە ـ تىللاسى بولسۇن، ياكى زىبۇ ـ زىننەت شەكلىدە ياسالغىنى بولسۇن، ھەرقانداق ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ياكى قەغەز پۇلغا ئالماشتۇرۇش شەرىئەتتىكى پۇل سودىسى «سەرف» دائىرىسىگە كىرىدۇ ۋە بۇ سودا ھارام سودىغا ۋە جازانىگە ئايلانماسلىقى ئۈچۈن ئىككى تەرەپ بەدەلنى تولۇقى بىلەن شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە نەق قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان بولۇشى شەرت، بۇنىڭدا ئىختىلاپ يوق.

ئىمام ئىبنى مۇنزىرمۇ بۇ ھەقتىكى ئىجمانى مۇنداق نەقىل قىلغان: «مەن قاراشلىرىنى ئەستە تۇتقان ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئىجما قىلغانكى، پۇلنى پۇلغا ئالماشتۇرغان ئىككى تەرەپ پۇلنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن بىرى ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە، بۇ پۇل

---

[1] قرار رقم (6) "المجمع الفقهي الإسلامي" برابطة العالم الإسلامي بمكة المكرمة سنة 1402هـ حول (العملة الورقيّة).

[2] فتوى مجمع البحوث الإسلامية بالقاهرة عام 1385هـ، مجمع الفقه الإسلامي التابع لمنظمة المؤتمر الإسلامي 1407هـ، قرار رقم: 21 (3/9)[1] فتوى "مجمع الفقه الإسلامي" بالهند، 1410هـ القرار رقم: (2/3). توصية "الندوة الفقهيّة الأولى" لبيت المال الكويتي، سنة 1407هـ. توصية المؤتمر الثاني للمصرف الإسلامي بالكويت عام 1403هـ قرار "هيئة كبار العلماء" رقم (10) وتاريخ 1393/4/17هـ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالماشتۇرۇش سودىسى باتىلدۇر.»[1]

ئىلگىركى ئالىملار ئەنە شۇنداق ئىجما قىلغان بولسىمۇ كېيىنكى دەۋر ئالىملىرىدىن ئىمام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ بىلەن شاگىرتى ئىمام ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ بۇ ئىجمادىن باشقىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇ-زىننەت ئادەتتە پۇل قاتارىدا ئىشلىتىلمىگەن تەقدىردە ئۇنى ئۆز تۈرى بولغان ئالتۇنغا ياكى كۈمۈشكە تېگىشكەندە تەڭمۇ-تەڭ بولۇش شەرت ئەمەس، ئارتۇق قىسمى ھۈنەر ئىش ھەققى ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ قاراش مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ۋە ھەسەن بەسرى، ئىبراھىم نەخەئى، ۋە شەئبىي قاتارلىق بەزى تابىئىنلارغا مەنسۇپ قىلىنغان.[2]

ئەسلىدە ئىمام ئىبنى تەيمىيەدىن ئىككى خىل قاراش كەلگەن بولۇپ، بىرىدە ئىجماغا ئوخشاش قارىغان. مەسىلەن ئۇ «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» دە، ياسالغان كۈمۈش زىبۇ-زىننەت ھۈنەر قىيلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئېغىرراق كۈمۈشكە سېتىلسا جائىز بولمايدۇ دېگەن.[3]

لېكىن ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ مەشھۇر قارىشى ئىجماغا ئۇدۇل كەلمەيدۇ. «ئىختىيارات» تا مۇنداق كەلگەن: ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ-زىننەتلەرنى پۇل دەپ ئىشلىتىلمىگەنلا بولسا ئۆز تۈرىگە تەڭمۇ-تەڭ بولۇشنى شەرت قىلماستىن سېتىشقا بولىدۇ. ئارتۇقى ھۈنەر ھەققى ھېسابلىنىدۇ. سودا نەق بولسۇن ياكى نېسى بولسۇن ئوخشاش. بۇ مەزمۇن باشقا كىتابلىرىدىمۇ كەلگەن.[4]

ئەمدى ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇ-زىننەتلەرنى ئۆز تۈرىگە ياكى باشقا تۈرگە بىر-بىرىدىن ئارتۇق ياكى نېسى سېتىشقا بولىدۇ، دېگەن بۇ قارىشى بويىچە ئېيتىدىغان بولساق، ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇ-زىننەتلەرنى قەغەز پۇللارغا، يىڭى ئالتۇن-كۈمۈشنى كونا ئالتۇن-كۈمۈشكە بىر-بىرىدىن ئارتۇق-كەم، نەق ياكى نېسى سېتىشقا بولىدۇ، دېگەن نەتىجە چىقىدۇ. چۈنكى بۇ ئەھۋالدا ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇ-زىننەتلەر رەخت ۋە باشقا بارلىق تاۋارلاردىن پەرقلەنمەيدىغان ئادەتتىكى تاۋار مالغا ئايلانغان بولىدۇ. بۇ قاراشنى ھازىرقى زامان ئالىملىرىدىن شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى مەنىيئ قاتارلىقلار كۈچلەندۈرگەن.[5]

لېكىن بۇ قاراش ئىلگىركى ئالىملارنىڭ ئىجماسىغا قارشى بولۇش بىلەن بىرگە، سەھىھ ھەدىسلەرگىمۇ زىت كېلىدىغان ئىنتايىن ئاجىز قاراشتۇر.

ئىجماغا زىت دېيىشىمىزدە، بۇ ھەقتە ئىلگىرىكىلەر ئىجماغا كەلگەن. يۇقىرىقى ئىمام ئىبنى مۇنزىر، ئىمام نەۋەۋىيلەردىن

---

[1] "مصنف عبد الرزاق" 69/8 برقم: 14344– 14347. "الاستذكار" 347/6 ."الاختيارات الفقهية" ص112. "الفتاوى الكبرى" 473/4. "إعلام الموقعين" 160/2.

[2] "الإجماع" 92/1. برقم: 488.

[3] "مجموع الفتاوى" 464/29.

[4] "الاختيارات الفقهية" ص: 112. "الفتاوى الكبرى" 473/4. "تفسير آيات أشكلت 622/2.

[5] "الذهب في بعض خصائصه وأحكامه" – الشيخ ابن منيع – بحث منشور في مجلة مجمع الفقه الإسلامي (9/1/93–94).

باشقا قازى ئەيياز، ئىمام ئىبنى ئابدۇلبەر ۋە هافىز ئىبنى هەجەر قاتارلىق كۆپ ئالىملار بۇ هەقتىكى ئىجمانى نەقىل قىلغان. «فىقھى ئاكادېمىيىسى» قاتارلىق هازىرقى زامان پەتىۋا ئورگانلىرىمۇ شۇنداق قارار چىقارغان.[①]

بۇ قاراشنىڭ هەزرىتى مۇئاۋىيە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇغا مەنسۇپ قىلىنىشىغا كەلسەك، ئەتا ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان بىر ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاچىنى ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن جىقراق ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە ساتقاندى، ئەبۇددەردا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش سودىنى توسقانلىقىنى، پەقەت تەڭمۇتەڭ سېتىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ــ دېدى. مۇئاۋىيە ئۇنىڭغا:

ــ مەن بۇنىڭغا ئوخشاش سودىنىمۇ بولىدۇ دەپ قارايمەن، ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇددەردا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئاچچىقلىنىپ:

ــ مەن ئۇچۇن مۇئاۋىيەنىڭ ئەدىپىنى كىم بېرىپ قويىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزىنى ئېيتىپ بېرىۋاتسام، ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئېيتىۋاتىدۇ، ئۇ بار زېمىندا مەن ياشمايمەن، ــ دېدى. ئاندىن خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەهۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندى، ئۇ، مۇئاۋىيە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇغا ئۇنداق قىلماسلىقنى، پەقەت تەڭمۇتەڭ ئېغىرلىقتا سېتىشنى جېكىلەپ مەكتۇپ يازدى. ئەبۇددەردا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ بۇ ۋەقەلىكى سەنەد جەهەتتىن ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەقەلىكنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى «مۇسلىم»دا ئۇبادە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن سەهىھ هالدا كەلگەن.[②]

ئۇبادە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ بۇ هەدىسى كۈمۈشنى كۈمۈشكە ئارتۇق ـ كەم قىلىپ سېتىشنى چەكلەشتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كۈمۈشنى كۈمۈشكە تەڭمۇتەڭ بولمىسا سېتىشنى چەكلىگەنلىكىنى دەلىل قىلىشى ئىجمانىڭ بىر دەلىلى بولۇش بىلەن بىرگە، مۇئاۋىيە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ بۇ هەقتىكى هەدىستىن خەۋەرسىز قالغانلىقتىن ئۆز ئىجتىهادى بويىچە پەتىۋا بەرگەنلىكى ۋە باشقا ساهابىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تەنبىهـ بەرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ۋەقەلىكتىن مۇئاۋىيە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ بۇ مەسىلىدە نېسى سېتىشنى دۇرۇس دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېنىق ۋە كونكرېت قىلىپ ئىسپاتلاش تەس. ئۇنداق بولىدىكەن بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ساهابىلەرنىڭ ئىجماسىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە رەهىمەهۇللاه قاتارلىق بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىنىڭ سەهىھ هەدىسلەرگىمۇ زىت كېلىدىغانلىقىغا

① "إكمال المعلم" 262/5. "الكافي" لابن عبدالبر 303/1. "الاستذكار" 347/6. الإفصاح (212/1). "فتح الباري" 380/4. قرار "مجمع الفقه الإسلامي" رقم 84 (9/1).

② "مۇۋەتتا" 1302 ـ هەدىس. (سەنەدى ئاجىز). "مۇسلىم" 1587 ـ هەدىس.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلسەك، يۇقىرىدا بىز ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمەن دەلىل بولىدىغان بىر قىسمىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇندىن باشقا يەنە نەق دەلىل بولىدىغان ھەدىسلەردىن مۇنداق بىر نەچچە مىسال ئېلىش مۇمكىن:

فەزالە ئىبنى ئۇبەيد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: خەيبەردە ئېلىنغان غەنىيمەت ئىچىدىن ئالتۇن ۋە مارجان ئۆتكۈزۈلگەن بىر زەنجىر سېتىش ئۈچۈن چىقىرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يەردە ھازىر ئىدى. ئۇ، ساھابىلەرنى زەنجىردىكى ئالتۇنلارنى ئايرىپ چىقىرىشقا بۇيرىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئالتۇننى ئالتۇنغا تەڭمۇ تەڭ تارتىپ سېتىڭلار» ① .

ناۋادا ئۇ زەنجىرنى تاۋار سۈپىتىدە سېتىش جائىز بولىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىكى ئالتۇننى ئايرىپ چىقىرىشقا، تەڭمۇتەڭ سېتىشقا بۇيرۇمىغان بولاتتى.

بۇ ھەدىس سەھىھ بولغاچقا ئىمام ئىبنى تەيمىيە بۇنى رەت قىلالمىغان ۋە باشقىچە تەۋىل قىلىپ ئىزاھلاپ، بۇ سودىدا زەنجىردىكى ئالتۇن ئۇنى سېتىۋېلىشقا بېرىلگەن ئالتۇندىن ئارتۇق ئىدى، شۇڭا ئالتۇننى ئارتۇق ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇش بولغاچقا رەسۇلۇللاھ بۇنى توسقان دېگەن. ②

ئىمام ئىبنى تەيمىيە بۇ ئىزاھاتىدا ئۇ زەنجىرنى تاۋار ئەمەس، بەلكى بىرى - بىرىدىن ئارتۇق بولغان تەقدىردە جازانە شەكىللىنىدىغان تۈر دەپ ئېتىراپ قىلغان بولغاچقا، ئىمام ئىبنى تەيمىيە بۇ ئىزاھاتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەر تاۋار ھېسابلىنىدۇ، بىر - بىرىدىن ئارتۇق ياكى نېسى سېتىلسا جازانە شەكىللەنمەيدۇ دېگەن قارىشىنى تېگىدىن يىقىتقان بولىدۇ.

يەنە مۇجاھىد رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى، مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن بىللە ئىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا بىر زەرگەر كېلىپ ئۇنىڭغا: ئى ئابدۇررەھماننىڭ ئاتىسى! مەن ئالتۇندا زىبۇ - زىننەت قۇيىمەن، ئاندىن ئۇ زىبۇ - زىننەتلەرنى ئۆزىدىن ئېغىرراققا ساتىمەن، شۇنداق قىلىپ ئاشۇ پۇلدىن ئىش ھەققىمنى چىقىرىۋالىمەن دېۋىدى، ئىبنى ئۆمەر ئۇنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى. زەرگەر قايتا - قايتا سوراۋەرگەن ئىدى، ئىبنى ئۆمەر ئۇنى توساۋەردى. ئاخىرى مەسچىت دەرۋازىسىغا ياكى ئۇلاغقا يېتىپ كەلگەندە مىنمەكچى بولغىنىدا ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېدى: بىر تىللانى بىر تىللاغا، بىر تەڭگىنى بىر تەڭگىگە ئارتۇق قىلماي تېگىشىش لازىم. بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە تاپشۇرغىنى، بىزنىڭمۇ سىلەرگە تاپشۇرىدىغىنىمىزدۇر، دېدى. ③

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ھەدىستىكى زەرگەرگە: بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە تاپشۇرغىنى، بىزنىڭمۇ سىلەرگە تاپشۇرغىنىمىزدۇر دېگەن سۆزى سەنەدى رەسۇلۇللاھقا تۇتاشقان، ئېھتىماللىقى يول يوق، سەھىھ ھەدىستۇر. بۇ ۋە يۇقىرىقىدەك ئېنىق

① "مۇسلىم" 1591 - ھەدىس.

② "مجموع الفتاوى" 29/453.

③ "موطأ مالك" برقم: 1300 سنده صحيح.

سەھىھ ھەدىسلەر، ئۇباده، فەزالە ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن كەلگەن بايانلار ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدا بىرەر ساھابىنىڭ باشقىچە قاراشتا بولمىغانلىقى دەلىللىنىشىدەك ئىجما دەرىجىلىك ھۆكۈم بار ئەھۋالدا، ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش زىبۇ ـ زىننەتنى ئادەتتىكى تاۋارغا ئوخشىتىپ قىلغان قىياسى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ھەسەن بەسرى قاتارلىق تابىئىنلاردىن كەلگەن قاراشلار يىغىلغان چاغدا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلاردىن كەلگەن قاراش ئىمام ئىبنى تەيمىيە دېگەندەك ساپ زىبۇ ـ زىننەت ھەققىدە كەلگەن بولماستىن قىلىچ، ئۈزۈك ۋە كېمەردەك تۆمۈر ۋە باشقا ماددىغا قوندۇرۇلغان ئالتۇن ھەققىدە كەلگەن. ھالبۇكى، بۇ تۈر نەرسىلەردە تابىئىنلاردا ئىختىلاپ بارلىقى ئېنىق مەسىلە بولۇپ، ئۇلار ئۇ نەرسىلەرگە قوندۇرۇلغان ياكى يالىتىلغان ئالتۇننى ئەسلىي ھۆكۈمدىن مۇستەسنا قىلىۋەتكەن بولغاچقا ئۇلار خۇددى ساپ ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرنى بىرىنى بىرىدىن ئارتۇق ياكى نېسى سېتىشنى جائىز دەپ قارىغاندەك كۆرۈنگەن. شۇڭا، ئىمام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھمۇ ھەزرىتى مۇئاۋىيەدىن ۋە ئاشۇ تابىئىنلاردىن كەلگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ بۇ مەسىلىدە ئىجما يوق دەپ قانائەت ھاسىل قىلغان بولۇشى ۋە ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ قارىشىنى ئالماي يېڭى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ئىجماغا زىت قاراشتا بولمىغان بولاتتى.

يەنە كېلىپ، قىياس جەھەتتىن ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش زىبۇ ـ زىننەتنى ئادەتتىكى تاۋارغا ئوخشاتقان قىياسى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ دېيىشىمىزدە بىرىنچىدىن: ئالتۇن بىلەن كۈمۈش سودىسىدا جازانە شەكىللىنىشى ھەدىسنىڭ ئېنىق كۆرسەتمىسى بىلەن ئىسپاتلانغان. بۇنىڭدىكى ئىللەتنى پۇل بولغانلىقى دەپ بېكىتىش ئىجتىھات يەكۈندۇر. ئالىملىرىمىزمۇ يەكۈنلىگەن ئىللەتنىڭ ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ ئېنىق كۆرسەتمىسى بويىچە ئىسپاتلانغان ھۆكۈمنى بىكار قىلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. چۈنكى ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ ئېنىق كۆرسەتمىسىنىڭ دالالىتى كەسكىن، ئىجتىھات يەكۈنىنىڭ دالالىتى بولسا گۇمانىيدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ قىياسى بويىچە كېسەك ياكى چوكا ۋە نوكچا ئالتۇنلارمۇ پۇللۇق سۈپىتىنى يوقاتقان تەقدىردە ئۇنىڭدا جازانە شەكىللەنمەسلىكى كېرەك بولاتتى. ھالبۇكى ئىمام ئىبنى تەيمىيەمۇ ئۇنىڭدا جازانە شەكىللىنىدۇ دەيدۇ. ①

دېمەك، بىز بۇ نۇقتىدىنمۇ ئىمام ئىبنى تەيمىيە ۋە شۇ قاراشتىكى بەزى ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىق دەلىللەرگە ئىسپاتلىق قىلىپ رەددىيە بەرگەن بولدۇق. ئەسلىدە بۇ ئېنىق مەسىلە بولۇپ بۇ قەدەر ئۇزۇن توختىلىش ھاجەتسىز ئىدى. بىراق ئىمام ئىبنى تەيمىيە ۋە شاگىرتى ئىمام

① "حكم الأوراق النقدية" – بحث اللجنة الدائمة منشوراً في مجلة البحوث الإسلامية، العدد الأول.

www.uyghurkitap.com

ئىبنى قەييىملەر بىلمى مول، قەلىمى كۈچلۈك كاتتا مۇھەققىق ئالىملاردىن بولغاچقا بۇلار ئاشۇ ئاجىز قاراشنى ياقلاپ قىلىپ كۈچلۈك قاراشتەك كۆرۈنۈپ قالغان. نەتىجىدە ئىلىم ئەھلىلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە ئىككىلىنىش پەيدا بوپ قالغان. بۇ سەۋەبتىن بۇ قاراشنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك بولۇپ، گەپ ئۇزىراپ كەتكەن بولدى.

ئىجمانى تۇتقان ھازىرقى دەۋر كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىنى تەرجىھ قىلىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، جازانە بارلىق ساماۋى شەرىئەتلەردە ھارام قىلىنغان بولۇپ، شەرىئىتىمىزدىمۇ ھالاك قىلغۇچى چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانالغان، ئاللاھ تائالا قۇرئاندا جازانە يېگۈچىگە جەڭ ئېلان قىلغان ۋە بىلىپ تۇرۇپ جازانە مۇئامىلىسى قىلغانلارنى دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلار قاتارىدىن ساناپ، جازانىدىن كەلگەن كىرىمدىن بەرىكەتنى كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان، پەيغەمبىرىمىزمۇ ھەدىسلەردە جازانە يېگۈچى ۋە يېگۈزگۈچىگە لەنەت قىلغان. جازانە بۇ قەدەر ئېغىر ۋە چوڭ گۇناھ بولغاندىن كېيىن ئىجما ۋە سەھىھ ھەدىسلەر كۆرسەتكەن قاراشنى تۇتۇش تەقۋادارلىق ئىزلەيدىغان ھەربىر مۇسۇلمانغا لايىق ئىشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «جازانە يەيدىغانلار (قىيامەتتە) ساراڭلىقتىن شەيتان سوقۇۋەتكەن ئادەملەردەكلا قوپىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ: ‹ئېلىم-سېتىم جازانىگە ئوخشاشتۇر› دېگەنلىكىدىندۇر. ئاللاھ ئېلىم-سېتىمنى ھالال قىلىپ، جازانىنى ھارام قىلدى. شۇڭا كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز-نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن بولدى قىلسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا قالىدۇ. كىمكى جازانە قىلىشقا قايتىدىكەن، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلى بولۇپ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.»[1]

خۇلاسە:

1. ئالتۇن-كۈمۈشنى ئالتۇنغا ياكى كۈمۈشكە ياكى قەغەز پۇلغا سېتىشتا ھەر ئىككى تەرەپ شۇ سورۇندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن بەدەلنى قولغا نەق ۋە تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىشى شەرت. نىسى قالسا جازانە شەكىللىنىدۇ.

2. كونا ئالتۇننى يېڭىسىغا، كېپەك ياكى تىللا ياكى چوكا ئالتۇننى زىبۇ-زىننەت ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇشتا چوقۇم مىقدارى تەڭ باراۋەر بولۇشى، نەق بولۇشى لازىم. كۈمۈشمۇ شۇنداق. ئالماشتۇرۇشتا نىسى قالسا جازانە شەكىللىنىدۇ.

3. ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى شۇنداقلا كونا-يېڭىلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. نەتىجىدە سۈپەتلىكنى ناچىرىغا، كونىسىنى يېڭىسىغا، بىرىنى ئېغىرراق قىلىپ ياكى يېڭى-كونىلىق پەرقى، ئىش ھەققى ئۈچۈن پۇل بېرىپ سودىلاشسا توغرا بولمايدۇ. بەلكى كونا ئالتۇننى سېتىپ پۇلىنى ھېسابلاپ نەق ئېلىپ، ئاندىن يېڭى ئالتۇننىڭ سودىسىنى قىلىپ ئۇنىڭ پۇلىنى نەق بېرىش لازىم. (ۋەللاھۇ ئەئلەم)

[1] "سۈرە بەقەرە: 275-ئايەت.




«ئالىم ئۆلدى ئالەم ئۆلدى» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ بەرھەقلىقى مەخسۇم ھاجىمنىڭ نەۋقىران يېشىدا تۇيۇقسىزلا پانىي دۇنيا بىلەن خوشلىششى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقەتىنى نامايەن قىلدى. خەلقىمىز خۇددى بېشىغا تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك ئېغىر قايغۇغا چۆمدى.

«ئۆلمىگىچە رەھمەتلىك بولالمايسەن» دېگەندەك، مەخسۇم ھاجىم قالدۇرۇپ كەتكەن بوشلۇق مەرھۇمنىڭ نەقەدەر ئالىيجاناب، يۈكسەك ئەخلاق ئىگىسى، كەمتەر، تەمكىن، پاراسەتلىك شەخس ئىكەنلىكىنى بىزگە ئەسلەتتى.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم يالغۇز بىر ئالەم ئىدى. بىز تونۇشقان 30 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ھەرقانچە ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن، تەبەسسۇم قىلىپ تۇرىدىغان ئالىيجاناب خىسلىتى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

مەخسۇم ھاجىم خاراكتېرى كۈچلۈك، پىكرى ئۆتكۈر كىشى بولۇشىغا قارىماي ھەرقانداق ئىشتا ئەتراپىدىكىلەردىن مەسلىھەت سورىماي، پىكرىنى ئالماي قارار قىلمايتتى.

«ئىنسان سەپەردە تونۇلىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار، مەن مەرھۇم بىلەن 2012 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ياۋرۇپا سەپىرىدە بىرگە بولۇپ، سەككىز دۆلەتنى ئايلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئىدىم. سەپەر جەريانىدا ئەتراپىتىكىلەرگە ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكى، ئالىيجاناپلىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى چەگمەي، پىكرىنى تاڭماي، ھېچكىمنى يەكلىمەي، بەزى بۇرادەرلەر ئارىسىدا گەپ تالىشىپ ئىختىلاپ پەيدا بولسا، دەرھال ھەر ئىككى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەرەپكە خىزمەت ئىشلەپ، ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ سەپىرىمىزنى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتۇرغانىدۇق.

مەخسۇم ھاجىم ۋەتەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ، مۇھاجىرەت ھاياتىنى باشلاپ پاكىستاندا قىسقا بىر مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن مىسىرغا بېرىپ ئۆزى بىلىم ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە مىسىردا ئوقۇۋاتقان تالىبۇل ئىلىملەرگە دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنى يېتەكلەش بىلەن مەشغۇل بولغاندىن باشقا، ئالاھىدە تىرىشىپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، 2000-يىللارنىڭ باشلىرىدا ياشلارنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە بۇ خىزمەتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇقىم بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى مۇئەسسەسەلىشىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەتئەلدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن پىكىرلىشىپ، ئىدىيە خىزمىتى ئىشلەپ، بىر-ئىككى يىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ئىستانبۇلدا «مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ چىقىپ شۇ ئارقىلىق چەتئەللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپىنى گۈللەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان.

ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ مائارىپچىلىق، تەشكىللەش ساھەسىدىكى تەجرىبىلىرى ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بىر قانچە مۇستەقىل جەمئىيەت ۋە ۋەقپىلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىنغاندىن تاشقىرى ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنى يېتەكلەش، تەشكىللىنىش، مۇئەسسەسەلىشىشكە چاقىرىپ، كۆپلىگەن جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغانىدى. بۈگۈن ئەنە شۇ خىزمەتلىرى مېۋە بېرىپ، خەلقىمىز بىر يەرگە توپلىشىپ، ئەۋلادلىرىنى دىنىي، مىللىي ساھەلەردە تەربىيەلەش مەركەزلىرىنى كۆپلەپ روياپقا چىقارماقتا.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم دىنىي ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىستانبۇلغا كېلىپ، ئوقۇش ئارزۇسى بولغان ياشلارغا تەربىيە ئىشلەپ، يېتەكلەش خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچى دەپ بىلىپ، ئىدىيە جەھەتتىن قايمۇقۇپ قالغان، دىنىي ۋە مىللىي خىزمەتلەردە يولنى تاپالماي قالغانلارغا يول كۆرسىتىپلا قالماي ماددىي قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھەل قىلسا، مەنىۋى جەھەتتىن قايمۇقۇپ قالغانلارغا روھىي ئوزۇق بولۇپ، يېتەكلەپ ماڭاتتى. مۇھتاجلار بىلەن خەيرى-ساخاۋەتچىلەر ئارىسىنى باغلاشتا كۆرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم ۋەتەندە

مەخپىي مەدرىسىلەردە تالىپلارغا دەرس بەرگەندەكلا ۋەتەندىن چىققاندىن بىرى يەنە تالىپلارغا دەرس ئۆگىتىشنى توختاتمىغاندى. ئىستانبۇلنىڭ شۇنچە قىين شارائىتىدا بامداتتىن بۇرۇن ۋە بامداتتىن كېيىن بولۇپ، كۈنىگە بىرقانچە ئورۇندا يۇقىرى سەۋىيەلىك تالىپلارغا دەرس بېرەتتى. جامائەت ئىچىگىمۇ ئالاھىدە چۆككەن بولۇپ، جامائەت سورۇنلىرىغا قاتنىشاتتى، توي - تۆكۈن مۇراسىملىرىغا چاقىرىلسا دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ تەكلىپ قىلىنغان يەرگە ئىمكان بار بېرىشقا تىرىشاتتى.

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، جامائەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، گۇمانلىق، بەزى ئەخلاقسىز كىشىلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم ھاياتىدا ئۇيغۇر خەلقىگە ھەقىقىي ئالىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مول بىلىمى، يۈكسەك پەزىلىتى، ئېسىل ئەخلاقى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتەك ئالىيجاناپلىقى بىلەن ئۈلگە بولغان. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىزلەرگە ھېچكىم ئۆزىنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلالمايدىغانلىقى، ئۆلۈم ياش - قېرى دېمەيدىغانلىقى، ئەجەل كەلسە جاننى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشتىن باشقا چارە يوقلىقىنى ئەسلەتتى. ئاللاھ مەرھۇمنىڭ جايىنى جەننەت قىلسۇن. (ئامىن!)

## «سىيرەت ئۆسمۈرلەر ژۇرنىلى»غا مۇبارەك بولسۇن!

پەرزەنت تەربىيىسى ھازىرقى دۇنيادا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىۋاتقان، شۇنداقلا بارلىق ئاتا-ئانىلاردا كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىۋاتقان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى.

يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۇن-سىن بۇيۇملىرى ۋە نەشىر ئەپكارلىرى ئارقىلىق دەۋەت ساھەسىدە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ كېلىۋاتقان «ئەۋلاد گۈرۈپپىسى» مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ يېشى ۋە سەۋىيىسىگە ماس كېلىدىغان ئوقۇشلۇق بولماسلىقتەك بوشلۇقنى ۋە مەسئۇلىيەتچان ئاتا-ئانىلاردىكى مەزكۇر تەخىرسىزلىك تۇيغۇنى ھېس قىلىپ، جاپالىق ئىشلەش نەتىجىسىدە پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئىنتايىن سۈپەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بىر سوغات تەييار قىپتۇ. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر گۇرۇپپىدىكى بارلىق جاپاكەش قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، شۇنداقلا بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەرنى كۆپلەپ ۋۇجۇتقا چىقىرىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز...

كامالى ئېھتىرام بىلەن:

«مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com




بۇ ماقالىنىڭ ئالدىنقى ساندا بايان قىلىنغاندەك، 1069 ـ يىلى باشلىنىپ، بىر نەچچە يۈز يىل داۋام قىلغان مەشھۇر «ئەھلىسەلىپ» قوراللىق ھۇجۇملىرىنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان خرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئىسلام دۇنياسىغا قارشى بىرلىشىدۇ ۋە «پىكرىي مەيدانلاردا قورالسىز جەڭ» لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. مەزكۇر «لايىھە» مۇسۇلمانلار ئارىسىغا پىلانلىق ھالدا بىر قانچە باسقۇچلۇق پىتنە ئىغۋا تارقىتىش، ئۇلارنى مەزھەپ ئىختىلاپلىرى پاتقىقىغا سۆرەپ ئەكىرىش، يېڭى نەسىل ئىسلام ئەۋلادلىرىنى ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ھەقىقىي روھىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە ھەرخىل بۇزۇق پىكىرلەرنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەخپىي پىلانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كۈنىمىزگىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مەزكۇر «پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى» تەرتىپلىرى تۆۋەندىكىدەك 3 باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

1 ـ «ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى» بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى «پىكرىي جەڭلەر» باسقۇچى بولۇپ، ئۇلار بۇ مەزگىلدە: شەرقشۇناسلار (ئىسلام بىلىملىرىنى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلار)نى تەربىيەلەپ چىقىدۇ. ئۇلار بار كۈچى بىلەن ئىسلام تەلىماتلىرىغا قەستەنلىك بىلەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ، بىر تەرەپتىن سوپىلىق تەرغىباتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى بىخۇتلاشتۇرۇشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىئە مەزھىبىگە تەۋە ھەرخىل شەكىلدىكى تارماق مەزھەبلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئۇل سالىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى جىھادقا مۇناسىۋەتلىك پىكىرلەردىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پەلسەپە ۋە باشقا پىكرىي

مەيدانلاردىكى ئايغى چىقمايدىغان تالاش - تارتىش ۋە مۇنازىرىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇلار ھەرقانداق مەسىلىدە ئەقلىنى دىنىنىڭ ئالدىغا قويۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

2 - «ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى» ھۆكۈم سۈرگەن 625 يىللىق جەريانىدىكى «پىكرىي جەڭلەر» باسقۇچى بولۇپ، ئۇلار بۇ مەزگىلدە: ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ باشقا دىنىدىكىلەرگە ئادىل بولۇش سىياسەتلىرىدىن پايدىلانغان ھالدا، يۇقىرىدىكى رەزىل ھەرىكەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ بېرىش تاكتىكىسى بويىچە تاشقى كۆرۈنۈشتە دوست كۆرۈنۈپ ، ئەمەلىيەتتە بولسا خەلىپىلىكنىڭ زاۋال تېپىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن بارلىق رەزىل تاكتىكا ۋە پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. پۈتۈن غەرب ئەللىرىنىڭ بۇ قېتىمقى پىكرىي مەيدانلاردىكى «قورالسىز جېڭى»نىڭ ئاساسلىق نىشانى شانلىق تارىخقا ئىگە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكنى ھىمايە قىلىدىغان تۈرك خەلقىدىن ئىبارەت بولۇپ، 1889 - يىلى پارىژدا مەخپىي قۇرۇلغان «بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيە»سى ئۆزلىرىنىڭ ئوسمانىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى بۇزۇق پىكىر - ئەپكارىنى تارقىتىش ئۈچۈن، بىلگىيە پايتەختى جەنۋەدە «ئوسمانىيلار» دېگەن ئىسىمدا ژۇرنال چىقىرىشقا باشلايدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن تەۋەلىكتە ناھايىتى تېز يىلتىز تارتقۇزۇلغان بۇ پارتىيە مەسئۇللىرى 1908 - يىلىغا كەلگەندە بەزىبىر نارازىلىق نامايىشلار ۋە قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرىنى باھانە قىلىپ، سۇلتان ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدنى ھاكىمىيەتنى ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل ھىيلە - مىكىرلىرى ئارقىلىق، ئوسمانىيلار ھاكىمىيىتىنى يىقىتىش پىلانىدا غەلىبە قىلىدۇ.

3 - باسقۇچ، 1923 - يىلى «ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن باشلاپ، كۈنىمىزگىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پىكرىي مەيدانلاردىكى جەڭلەر باسقۇچى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇلار: سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەيدانلاردا شەكلى ئۆزگەرگەن ھەرخىل يېڭى جەڭلەر ۋە مەخپىي ھۇجۇملارنى پىلانلايدۇ. بىر تەرەپتىن ئىسلام دۇنياسىنى ئۆزئارا بۆلۈشۈپ، قورال كۈچى ئارقىلىق ئۇلارنى مۇستەملىكە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن پىكرىي مەيدانلاردىكى قورالسىز جەڭلىرىنى تېخىمۇ قانات يايدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساپ ئەقىدىسىنى، مەدەنىيەت ئېڭىنى، ئەخلاق نەزەرىيىسىنى ۋە باشقىمۇ بارلىق قىممەت قاراشلىرىنى بۇزۇملاش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ. يېڭى نەسل ئىسلام ئەۋلادلىرىنى غەربنىڭ پىكىرلىرىنى ئىختىيارى ھالدا ئۆزلىكىدىن قوبۇل قىلىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا باشقىلارنى تەرغىب قىلىدىغان بىر ھالەتنى

www.uyghurkitap.com

شەكىللەندۈردى.

غەربنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان چوڭقۇر دۈشمەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بەزى شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: ئەسلى رۇسىيىلىك فرانسىيەدە ئوقۇپ چوڭ بولغان ۋە لىۋاندا ياشىغان شەرقشۇناس: ماكسىم رودىنسۇن ئۆزىنىڭ ئەرەبچە يازغان «ئىسلامنىڭ جەزب قىلىش كۈچى» ناملىق كىتابىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئەڭ چوڭ خەتەر ئىسلامنىڭ ئىچكى قانۇن تۈزۈملىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ياۋروپانىڭ باش ئاغرىقىغا ئايلىنىشتىن بۇرۇنمۇ، ياۋروپا ئۈچۈن چوڭ بىر خەتەر ئىدى. چۈنكى ئۇلاردا كېڭەيمىچىلىك ۋە باشقىلارنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈش كۈچى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغانلىقى ۋە بۇ دىنغا بىر قېتىم ئەگەشكەنلەر ئىككىنچى بۇ دىندىن قايتمايدىغانلىقى ئىدى. ئىلگىرى غەرب دۇنياسى «سېرىق دۈشمەن» دەپ ئاتالغان خىتايلار ۋە ياپونلاردىن قورقاتتى. كېيىنكى زامانلاردا كوممۇنىست سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەتىرىدىن قورقۇشقا باشلىدى. مانا ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ مەنپەئەت دوستلىرى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ھەقىقىي قورقۇشقا تېگىشلىك دۈشمەنىنىڭ رادىكال مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقىدى.»

شەرقشۇناس لورانس بىراۋۇن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسلامنىڭ مەخپىي كۈچى ياۋروپانى قورقۇتۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ پەقەتلا بىر دىندىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا جىھاد بار، باشقىلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش بار، ئىسلام قانۇن تۈزۈملىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان مەخپىي كۈچ، غەرب دۇنياسى ئۈچۈن ۋە ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا پۈتۈن ياۋروپا ۋە ھەتتا پۈتۈن دۇنيا بىرلىكتە ئىسلام دىنىغا قارشى كۈرەش قىلىشى كېرەك.»

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، غەرب ئەللىرى بۇندىن بىر نەچچە يۈز يىل بۇرۇن پۈتۈن ياۋروپادا ئېلىپ بېرىلغان دىنىي ئىسلاھاتلارنىڭ ئوخشىشىنى ئىسلام دۇنياسىدىمۇ ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىسلام دۇنياسىدىمۇ غەرب دۇنياسىنىڭ خرىستىيان دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە ئوخشاش پوزىتسىيە تۇتىدىغان بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىرگە، «مەدەنىي ئىسلام» نەزەرىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. «مەدەنىي ئىسلام» نەزەرىيىسى: دىنىي ئىبادەتلەرنى مەسچىتلەرگە خاسلاشتۇرۇشقا، دىنىي ئەھكاملارنى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئايلاندۇرۇشقا، غەرب مەدەنىيىتىنى تولۇق قوبۇل قىلىشقا ۋە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بىلەن قارشىلاشماسلىققا چاقىرىدىغان يېڭى بىر نەزەرىيەدىن ئىبارەت بولۇپ، ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە تەۋە ئىستراتېگىيە

تەتقىقات مەركىزى (راند) بۇ ھەقتىكى باياناتىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ: ئىسلامنىڭ ئاساسى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن كېلىدۇ. ئەمما ھازىرقى زاماننىڭ تەرەققىياتى ۋە تەقەززاسى «يېڭى زامان ئىسلام ئالىملىرى»نىڭ ئەقلىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇپ تۇرۇپ، ئىلاھىي ۋەھىيلەرنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ھازىرقى زاماننىڭ تەقەززاسى بىلەن سېلىشتۇرغان ۋە ئەقىل تارازىسى بىلەن ئۆلچىگەن ھالدا، ئىسلام دىنىنىڭ بەزى تەلىماتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئىجتىھاد قىلىشنى، بولۇپمۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەيدانلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەقەززا قىلماقتا.

بۇ قېتىمقى «مەدەنىي ئىسلام» شوئارى ئاستىدىكى پىكرىي جەڭنىڭ غايىسى: مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى يوق قىلىش، تەلەپكە لايىق تەربىيىلەنگەن شەخسلەرنىڭ يۇشۇرۇن كۈچىنى يوق قىلىش، ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە دۈشمەن تەرەپنىڭ ھەيۋىسىنى، كۈچ قۇۋۋىتىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىچكى جەھەتتىن ئۇمىتسىزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى پىكرىي مەيدانلاردىكى جەڭدىكى مەغلۇبىيەت قوراللىق ئۇرۇش مەيداندىكى مەغلۇبىيەتتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان بولۇپ، قوراللىق ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەت ئاشۇ ئۇرۇش مەيداندىكىلەرنىڭ شېھىت بولۇشىغا يول ئاچسا، پىكرىي مەيدانلاردىكى مەغلۇبىيەت، كېلەچەك ئەۋلاتلارنىڭ ئىسلام روھىدىن يىراقلىشىشىغا يول ئاچىدۇ. قوراللىق ھۇجۇملار باشقىلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئۆزلىرىگە باش ئەگدۈرۈشنى مەقسەت قىلسا، پىكرىي ھۇجۇملار ئەقىللەرنى يۇيۇش، چۈشەنچىلەرنى ئۆزگەرتىش، ھۇجۇم قىلغۇچىغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئىچكى جەھەتتىن تولۇق تەسلىم بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئۇچىنچى باسقۇچلۇق «پىكرىي مەيدانلاردىكى جەڭ» مەزگىلىدە: ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرب دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا شەكلى ئۆزگەرگەن قورالسىز ھالدىكى «ئەھلىسەلىپ» ھۇجۇملىرى قايتىدىن باشلىنىدۇ. ئەگەر بىز ئەنگلىيە باش گېنېرالى لورد بىلەن فرانسىيە باش گېنېرالى گۇرۇنىڭ 1918 ـ يىلى سالاھىددىن ئەييۇبى ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىد (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نىڭ قەبرىلىرىگە كىرىپ مانا بىز بۇ يەردە، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى، «ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى» يەنىلا داۋام قىلىدۇ، دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلىرىنى، 2001 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن «خەلقئارالىق تېرورىزم»گە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى سابىق رەئىسى بوشنىڭ، بۇ بىر «ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى» دېگەن مەشھۇر سۆزىگە باغلاپ تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، غەرب دۇنياسىنىڭ ھازىرمۇ ئىسلام دۇنياسىغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش ئېچىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

www.uyghurkitap.com

1923 ـ يىلى تۈركىيەدە مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك رىياسەتچىلىكىدە، «دىنسىزلىق» نى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ھازىرقى «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى» بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، تۈركىيە تېررىتورىيەسى ئىچىدە ياشايدىغان تۈرك، كۇرد ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا مىللىي ئايرىمچىلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىش ۋە ئۇلارنى ئىرقچىلىق پاتقىقىغا سۆرەپ كىرىش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. كۇرد مىللىتى ئىچىدىن چىققان تۈرك ئەدەبىياتچى، شائىرى «زىيا گۆك ئالپ»نىڭ، كۇردلارنىڭ مىللىي ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىش ئۈچۈن، تۈرك مىللەتچىلىك ئېڭىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، دېگەن پەلسەپەسى ئاساسىدا، ئۇنىڭ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى كۈچەپ تەشۋىق قىلىنىدۇ ۋە ھەتتا تۈرك خەلق ئاممىسىغا مەجبۇرىي تېڭىلىدۇ.

1945 ـ يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان ۋە سوغۇق ئۇرۇشلار باشلىنىپ، دۇنيا ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغاندىن كېيىن، شۇ زاماندىكى ئامېرىكا رەئىسى ھارى تورۇماننىڭ تۈركىيە بىلەن گرىتسىيەنى سوۋېت ئىتتىپاقى چاڭگىلىغا چۈشۈپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇش چاقىرىقىغا ئاساسەن، ئامېرىكا دۆلەت خەزىنىسىدىن تۈركىيە ئۈچۈن ئالاھىدە مەبلەغ ئاجراتقان بولۇپ، تۈركىيەنىڭ غەرب بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىمالغا قاراپ كېڭىيىشىگە توسالغۇ بولۇشىنى قولغا كەلتۈردى. نەتىجىدە تۈركىيە: «شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى»غا رەسمى ئەزا سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيەنىڭ «لايىك»لىق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، دىندار لىدېرلەرنىڭ سىياسىي سەھنىدە مۇھىم رول ئېلىشى ئەڭ سەزگۈر مەسىلىلەردىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلارنى سىياسىي سەھنىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قانچە قېتىم ھەربىي ئىنقىلابلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: 1960 ـ يىلى ئىسلامىي ساھەلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى بولغان باش مىنىستىر ئەدنان مەندەرىسنىڭ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، 1971 ـ ۋە 1980 ـ يىللىرىدىكى ھەربىي ئىنقىلابلار ۋە سىياسىي ئۆزگۈرۈشلەر، 1997 ـ يىلى مەرھۇم نەجمىدىن ئەرباكان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئىسلامىي ساھەلەردىكى ئىسلاھاتلار سەۋەبىدىن مەيدانغا كېلىدۇ.

2002 ـ يىلى ھازىرقى «جۇمھۇر رەئىسى» رەجەپ تەييىب ئەردوغان باش مىنىستىر سايلانغاندىن كېيىن، تۈركىيەنىڭ ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزالىق باسقۇچلىرىنى تېزلىتىش شوئارى ئاستىدا، 1993 ـ يىلى دانىيە پايتەختى كوبنھاگىندا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا قارار ئېلىنىپ، ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا بولغۇچى دۆلەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك شەرت ۋە ئۆلچەملەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، سىياسىي،

ئىقتىسادىي ۋە ئاساسىي قانۇن ساھەلىرىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا باشلايدۇ. دېموكراتىيىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئازسانلىقلار ھەق ـ ھوقۇقلىرى قاتارلىق بىرنەچچە يېڭى قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقا باشلايدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەركىن بازار ۋە ياۋروپادىكى رىقابەت سىستېمىسىنى يولغا قويىدۇ. قانۇنىي جەھەتتىن خەلق چىقارغان قارارنىڭ ھۆكۈمەت قارارىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئەڭ كۈچلۈك قارار ئورگىنىنىڭ يەنىلا خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ، قوراللىق قىسىمنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق قانۇنلىرىمۇ يولغا قويۇلىدۇ. تۈركىيە مەزكۇر ئىسلاھاتلار سايىسىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادىكى ئىقتىسادى ئەڭ كۈچلۈك 20 دۆلەت ئارىسىدا 17 ـ ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگىمۇ تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. شۇ زاماندىكى تۈركىيەنىڭ تاشقى سىياسەت ئېنژېنېرى ئەھمەد داۋۇت ئوغلى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەيىنلەنگەن كۈنى سۆزلىگەن بىرىنچى نۇتقىدا مۇنۇلارنى تەكىتلەيدۇ: بۈگۈنكى «يېڭى تۈركىيە» پەقەتلا شەرق بىلەن غەربنى بىر ـ بىرىگە باغلىغۇچى ۋە باشقىلارنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن ھەرىكەت قىلغۇچى تۈركىيە ئەمەس، بەلكى ئۇ جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، تارىخي جەھەتتىن مەزكۇر 3 قىتئە دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، دۇنيادىكى پۈتۈن مەدەنىيەتلەرگە تەسىرىنى كۆرسەتكەن، ئوتتۇرا شەرق، بالقانلار ۋە كاۋكاز رايونلىرىغا قارىتا سىياسىي تەرەپتىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل «تەسەۋۋۇرى» بار بولغان، باشقىلارنى ئەگەشتۈرگۈچى سەۋىيە ۋە كۈچكە ئىگە مەركەزلىك بىر دۆلەت بولغىنى ئۈچۈن، تۈركىيەنىڭ بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

تۈركىيە «ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيىسى» ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن ئىسلام بىلەن دېموكراتىيە تۈزۈملىرىنى بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرغان، ئاساسىي قانۇندىكى «لايىك»لىق قاراشلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا، ئىقتىسادى مەيدانلاردا تىز سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى، غەرب دۆلەتلىرى بىلەن رىقابەتنى كۈچەيتتى. تاشقى سىياسەتتە شەرق ۋە غەربكە قارىتا ئىشكنى چوڭ ئېچىۋېتىشى، رايوندىكى تىنچلىق نەمۇنچىسى سۈپىتىدىكى خىزمەتلىرى، تولۇقلىغۇچى لىدىرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، بىر نەچچە تۈرلۈك روللارنى بىرلا ۋاقىتتا ئوينىيالىشى، غەربنىڭ تۈركىيەگە بولغان قىزغىنىش ۋە ھەسەتخورلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھازىرقى جۇمھۇر رەئىسى رەجەپ تەييىب ئەردوغاننى ھاكىمىيەتتىن ئۈزاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەرخىل ھىلە ـ مىكىرلەرنى ئويناپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېڭى www.uyghurkitap.com

باققان بولسىمۇ، ھېچبىرىدە غەلىبە قىلالمىغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا تۈركىيەدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ «مەدەنىي ئىسلام» نەزەرىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى، فەتھۇللا گۈلەن جامائىتىنى ئىشقا سېلىپ، 2016-يىلى 15-ئىيۇل تۈپىلىكى ئارقىلىق تۈركىيەدە يېڭى سىياسىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى، يەنىلا غەلىبە قىلالمىدى. 1970-يىللىرى بارلىققا كەلگەن فەتھۇللا گۈلەن جامائىتى تاشقى كۆرۈنۈشتە ئىسلام ۋە تەلىم-تەربىيەگە ھەسسە قوشۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان خرىستىيان پوپلىرى ۋە يەھۇدىي ھاخاملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەدەنىي ئىسلام» نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. گۈلەن جامائىتىنىڭ ئەقىدە-ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىكى ئوخشىمىغان تەرەپلىرى، تۈركىيە ئىچىدىكى دىنسىز پارتىيىلەر بىلەن ھەمكارلىقى، خرىستىيان ۋە يەھۇدىيلار بىلەن دوستلۇق دىئالوگلىرى، چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتپەرەسلىكى، ئىسلامىي دەۋالىرىغا قارىتا مەيدانسىزلىقى، ئۇلارنىڭ «مەدەنىي ئىسلام» نەزرىيىسىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەرىجىدە دەلىل-ئىسپات بولالايدۇ.

2011-يىلى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە قارشى ئادالەت ئۈچۈن، تۇنىسىيەدە باشلانغان «ئەرەب باھارى» ئەركىنلىك كۆرۈشى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە لىۋىيە، مىسىر، يەمەن ۋە سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. تەبىئىي ھالدا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار»غا ئوخشاش ئىسلام تەشكىلاتلىرى بۇ ھەرىكەتنىڭ قوزغاتقۇچ ئامىللىرىغا ئايلىندۇ. ئۇلارنىڭ غەلىبە قازانغان ھالدا ئالغا ئىلگىرلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن غەرب دۇنياسى، دەرھال كونا تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئارىدا پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشقا باشلايدۇ. مىسىردا سىياسىي ئىنقىلابنى بارلىققا كەلتۈرۈش، سۈرىيە ۋە يەمەندە قوراللىق ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش ئارقىلىق «ئەرەب باھارى»نى خالتا كوچىغا سۆرەپ ئەكىرىشتە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، «ئىسلام دىنى»نىڭ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان ئاساسلىق يولىيورۇقلىرىنى قايتىدىن بېكىتىش بىلەن بىرگە، بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە يېڭى پەتىۋالار ئېلان قىلىشقا چاقىرىدۇ. بەزىبىر ئاتالمىش دىنى ئالىملار مەزكۇر چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ يېڭى پەتىۋالار ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ. مەسىلەن: شەيخ جامال مۇھەممەت بۇۋاتىنە تۆۋەندىكىدەك 3 تۈرلۈك يېڭى پەتىۋا ئېلان قىلدۇ:

1-ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى تىنچلىق ئىچىدە چىقىشىپ ياشاشقا چاقىرغانلىقى ئۈچۈن، «دىن» ۋە «ئەقىدە-ئېتىقاد» نىڭ ئوخشىمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، بىر مۇسۇلماننىڭ باشقا دىندىكى بىرىگە ھۇجۇم قىلىشى ياكى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشى قەتئىي ھارام.

2-دۇنياغا «ئىسلام دىنى»نى چىرايلىق

كۆرستىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ماسلاشتۇرۇش لازىم. باشقا دىنىدىكىلەر بىلەن دىنىي جەھەتتە ئايرىمچىلىق قىلماسلىق كېرەك. دىنلار ئارىسىدا ئادالەت، دىنىي ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ئاساس قىلىنىشى لازىم.

3 ـ «نەقىل»نى ئەقىل تارازىسى بىلەن ئۆلچەش ئارقىلىق، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، بەزىبىر دىنىي ھۆكۈملەرنى زامانىمىزنىڭ شارايىتىغا ماسلاشتۇرۇش لازىم.

ئەزھەر ئۇنىۋېرستىدە «ئىسلام دىنىدا ئوتتۇراھاللىقنى تەرغىب قىلىش ھەيئىتى» قۇرۇلغان بولۇپ، مەزكۇر ھەيئەت، ئوتتۇراھاللىقنى چىڭ تۇتۇپ، «باشقا دىنىدىكىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش»، قەلبنى پاكلاش ۋە روھىي تەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە ھەرخىل چاقىرىقلارنى ئېلان قىلىدۇ. ئەسلىدە: «دىنلار ئارا تىنچلىق ئىچىدە چىقىشىپ ياشاش» چاقىرىقى، بىرىنچى نۆۋەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رەئىسى خۇرشوپ تەرىپىدىن 1960 ـ يىللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، 1992 ـ يىلى سوغۇق ئۇرۇشلار مەزگىلى ئاخىرلىشىپ، ئامېرىكا دۇنيادىكى بىردىنبىر «يەۋقۇلئاددە كۈچ» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، «دىنلار ئارا دىئالوگ» چاقىرىقىنى قايتىدىن تەكرارلاشقا باشلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەزكۇر چاقىرىقنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى رەھمەتتەك كۆرۈنسىمۇ ئىچى بولسا، ئازابتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولغان ئىدى.

مىسرلىق دەۋەتچى ئەمرى خالىدنىڭ «چىقىشىپ ئۆتۈشكە چاقىرىق» ناملىق كىتابى ياۋروپادا كۆپ ئالقىشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ «ۋېلز ئۇنىۋېرستى» ئۇنى تەقدىرلەپ دوكتۇرلۇق دىپلومى يوللايدۇ. «چىقىشىپ ئۆتۈشكە چاقىرىق» ناملىق كىتابنىڭ ئاساسلىق مەزمۇننى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

1 ـ بىز مۇئمىن ـ مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئايرىمچىلىقتىن ئۈزاق تۇرۇشىمىز لازىم. قەلبلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن بىرگە، بىز بىلەن ئوخشاش ئەقىدە ـ ئېتىقادتا بولمىغان، قارشى پىكىردە بولغان، ھەتتا باشقا دىندىكىلەرنىمۇ قوبۇل قىلالىشىمىز لازىم.

2 ـ غەرب مەدەنىيىتىگە قارىتا يۇمشاق باش بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئۆزگەرمەس ئىسلام شەرىئەت قانۇنلىرىدىن ۋازكەچمىگەن ھالدا، غەرب مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلالايدىغان يېڭى دىنىي ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم.

3 ـ باشقا دىنىدىكىلەر بىلەن بىر پىكىردە بولغان تەرەپلىرىمىزنى ئاساس قىلغان ھالدا چىقىشىپ ئۆتىشىمىز كېرەك.

4 ـ باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئەقلنى بىرىنچى ئورۇندا قويغان ھالدا دىئالوگ ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

5 ـ ئىسلامىي ھاياتىمىزنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەت ئىچىگە سىڭىپ كىرىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك.

6 ـ فىقھىي ھۆكۈملىرىمىزنى يېڭى زامان تەقەززاسىغا ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

7 ـ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلىرى بىلەن قارشىلاشماسلىق لازىم.

دېمەك، پۈتۈن غەرب ئەللىرى ئىسلام دۇنياسىغا قارشى بىر گەۋدىگە ئايلانغان ھالدا دىنىي، پىكرىي ۋە مەدەنىي مەيدانلارنىڭ ھەممىدە تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتتى. دىنلار ئارا دىئالوگ ۋە مەدەنىيەتلەر ئارا دىئالوگ قاتارلىق ھەرخىل دىئالوگلارنى باشلايدۇ. ئامېرىكىلىق ھىنتىڭتون بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى يوشىھىرو فوكۇيامالارنىڭ خىلى بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى مۇزاكىرە قىلىنىشقا باشلايدۇ. ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سامۇئېل پىلپىس ھىنتىڭتوننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى: يېڭى زاماننىڭ تەقەززاسىنى ئاساس قىلغان ھالدا دىنلار ئارىسىدا دىئالوگلار داۋام قىلىنىشى كېرەك. قايسىبىر دىنىنىڭ بەزى بىر ھۆكۈملىرى مەزكۇر دىئالوگلارغا توسالغۇ بولىدىغان بولسا، ئۇ ھۆكۈملەر ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. مەسىلەن: ئىسلام دىنىنىڭ يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارنى كاپىرلىقتا ھۆكۈم قىلىپ، دۈشمەن قاتارىدا كۆرسىتىدىغان، ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان «مۇرتەدلەر»گە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىدىغان تۈزۈملەر ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. چۈنكى، بىز ھازىر تىنچلىق ئىچىدە «دىنلار ئارا دىئالوگ» ئېلىپ بارالايدىغان، ھەركىم قايسى بىر دىننى تاللاشتا تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. يەنە كېلىپ پۈتۈن دىنلارنىڭ بېشى ۋە ئەسلى كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىبراھىمنىڭ دىنى بولغاچ، يەھۇدى دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق 3 دىنىنىڭ قايسى بىرىنى تاللىغان كىشى، يەنىلا ئاشۇ ئىبراھىمنىڭ دىنىنى تاللىغان بولىدۇ. دېمەك، پۈتۈن دۇنيا ب د ت رىياسەتچىلىكى ۋە يۇنىسكو تەشكىلاتى نازارىتى ئاستىدا «ئىبراھىمنىڭ دىنى» دىن ئىبارەت سايىۋەن ئاستىغا جۇغلىنىشى كېرەك.

مىسىر سىياسىي بىلىملەر ئاكادېمىيەسى مۇدىرى دوكتۇر نادىيە مۇستاپا «مەدەنىي ئىسلام» ھەققىدە توختىلىپ، غەرب تەرىپىدىن خىلى بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ يېڭى پىكىر ھەققىدە ئىزدىنىش مەسىلىسىنى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتى سىياسىي بىلىملەر فاكۇلتېتى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، 1996 ـ يىلى مەزكۇر فاكۇلتېتىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلغان دوكلاتىدا تۆۋەندىكىلەر تەۋسىيە قىلىنغان ئىدى:

1 ـ ئىسلامىي بىلىملەر بىلەن پەننى

بىلىملەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرۇپ، پەننى بىلىملەر ئاساسلىرى ۋە قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ئاساسلانغان ھالدا، ئىسلام بىلىملىرىدىمۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىق پەيدا قىلغىلى بولىدىغان بىر ئەھۋالنى شەكىللەندۈرۈش.

2 ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ قايتىدىن بىرلىشىش نىشانى، «ئىسلام خەلىپىلىكى» ۋە يا «ئىسلام دۆلىتى» قۇرۇش بولماستىن، «ئىسلام ئۇممىتى» ۋە ئۇممەتنىڭ بىرلىكى بولۇشى، شۇ ئارقىلىق تارقاق ھالەتتىكى ئۇممەتنىڭ پەقەتلا قەلبلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن كۇپايىلىنىش.

3 ـ ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت پىرىنسىپلىرىدا زىتلىشىش، قاتتىق قوللۇق ۋە كۈچ ئىستېمال قىلىش قاتارلىقلاردىن ئۇزاق تۇرغان ھالدا، كېلىشىش، چىقىشىش، تىنچلىقنى كۈچەيتىش ۋە دوستلۇق پىرىنسىپلىرىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش.

4 ـ ئىسلامدىكى «ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش» پىرىنسىپىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان ھالدا، ئاللاھ يولىدا قوراللىق جىھادنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى، باشقىلارنىڭ دۈشمەنلىكلىرىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن چەكلەش.

يۇقۇرىدىكى ئىسلام مەركەزلىرى ۋە بەزى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ چاقىرىقلىرى بىلەن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەدەنىي ئىسلام» چاقىرىقىنىڭ مەزمۇنلىرىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشاش بىرلا تەرەپكە چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئۇچۇق ئاشكارا كۆرەلەيمىز.

دېمەك، تۈركىيەدە فەتھۇللا گۈلەن جامائىتى، مىسىردا «ئەزھەر» گە ئوخشاش ئورگانلار، دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدە غەربنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ھەرخىل سەپتىكى ئالىملار ئوخشاشلا بىرتەرەپكە چاقىرىۋاتقان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، تۈركىيەدىكى «ئىلمان ئىسلام» دىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇقۇمى: ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس (ھەقىقىي روھى ئۆلگەن) قايسى تەرەپكە ئەگىسە ئېگىلىدىغان يۇمشاقباش ئىسلام دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ①

① 1–التحولات الكبرى ومستقبل العالم الاسلامي بعد مائة عام من الحرب العالمية الأولي (مجلة البيان) من طرف مجموعة من الكتاب مثل: الأستاذ/ محمدغلو الأستاذ/ محمد سليمان الزواوي

2–الجزيرة نت

3–العالم الإسلامي والتحديات المعاصرة / عبد العزيز التويجري

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




1956 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۇچانىڭ بوزرەڭ ئاسمىنىنى مۇسىبەت قاپلىغانىدى. كۇچا كونا شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى رەستە مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئادەملەر بىر تاۋۇتنى باشلىرىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالدىغا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. ھاۋانىڭ شۇنچە سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، كونا شەھەرنىڭ كوچىلىرىغا ئادەملەر پاتماي قالغانىدى. كوچىغا پاتماي قالغانلىرى كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىشقان ئىدى. كۆزلىرى ياشقا تولغان ئىنسانلارنىڭ يىغا ـ زارلىرى يۈرەكنى ئېزەتتى. ئۇلار ئالدىلىرىغا ئىنتىلەتتى، قوللىرىنى ئۇزارتىپ تاۋۇتنى تۇتۇشقا تىرىشاتتى. تاۋۇتقا يېقىنلىشالمىغانلارنىڭ تۇتۇپ مېڭىشى ئۈچۈن، تاۋۇتقا نەچچە ئون تال خادا ئورنىتىلغان، ئۇنىڭغا نەچچە يۈز مېتىرلىق ئارقانلار باغلانغانىدى. تاۋۇت رەستە مەسچىتى ئالدىدىن ئانچە يىراقلىقتا بولمىغان دۆڭ مەھەللە قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ مېڭىلىۋاتاتتى. بىراق ئادەملەرنىڭ زىيادە زىچلىقىدىن تاۋۇتنى ئېلىپ مېڭىش تولىمۇ قىيىن بولۇۋاتاتتى. ئادەملەر تاۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن دۆڭ مەھەللىگە قاراپ سەلدەك ئاقاتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا باي، توقسۇ، شايار، ئاقسۇ، كورلا، قەشقەر، غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىلەردىن كەلگەن مىڭلىغان ئادەملەر بار ئىدى. تاۋۇت ئاخىرى دۆڭ مەھەللە قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ كېلىندى. ئارقىدىن دەپنە قىلىنىپ، قەبرە تۇپىسى دۆۋىلەندى. قەبرىنىڭ نىشانسىز قالماسلىقى ئۈچۈن بىر تاختايغا نام ـ ئاتىغى يېزىلىپ، قەبرە بېشىغا ۋاقىتلىق سانجىپ قويۇلدى. تاختايغا «مەرھۇم مۇسايىپ داموللا

هاجىم» دەپ يېزىلغانىدى.

مۇسايىپ داموللا هاجىم كۇچا خەلقىنىڭ مەنئۇي تۈۋرۈكى، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يېتۈك شاگىرتى ئىدى. بۈگۈن ھەققەتەن كۇچا ئاسمىنىدىن بىر يارقىن يۇلتۇز ساقىغانىدى. ئۇ خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان دىنىي ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر زات، ئىلىم-ئېرپانى مول ئۇستاز ئىدى. ئۇ قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نادانلىققا، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئىلىم-ئېرپانغا باشلاپ، مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدىكى ئۆگۈتلىرىگە جۆر بولىدۇ، مۇتەئەسسىپلىككە، قالاقلىققا قارشى ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كۇچاغا قايتقاندىن كېيىن، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، جەمئىيەتتە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. رىياكار موللىلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە يات قالاق ئادەتلىرىگە چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، نامرات، يېتىم-يېسىر، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ، خاتا ئەقىدىنىڭ ۋىرۇسلىرى بىلەن يۇقۇملانغان خەلققە ئىمانىنىڭ شىپالىق مەلھەملىرىنى سۇنىدۇ. رىياكارلىقنىڭ تۇمانلىرىدا قاراڭغۇلاشقان دىللارغا يېڭىدىن ئۈمىد ۋە يورۇقلۇق بېغىشلايدۇ.

مۇسايىپ داموللا هاجىم قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ، كۇچاغا قايتىپ كەلگەن چاغلىرى قورامىغا يەتكەن قىران چاغلىرى بولۇپ، 35 ياشلاردا ئىدى. ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنىڭ بۇنچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى ئۇنىڭ خەلققە سىڭدۈرگەن ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى ئىدى.

مۇسايىپ داموللا هاجىم 1884-يىلى كۇچا ناھىيە بېھشباغ يېزىسىنىڭ شوركۆل كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، دادىسى ئېلاخۇن يېزىنىڭ بېگى ئىدى. مۇسايىپ داموللا هاجىم ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ۋاقتىدا يېزىسىدىكى ئابدۇرېشىد داموللامنىڭ مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇستازىدىن دىنىي ئىلىم ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن موزدوزلۇق كەسپىنى ئۆگىنىدۇ. 1904-يىلىدىن 1909-يىلغىچە شەھەرگە كىرىپ، كۇچا كونا شەھەردىكى ھاشىم قازى هاجىمنىڭ مەدرىسىدە 5 يىل ئوقۇيدۇ. مۇسايىپ داموللا هاجىم كىچىكىدىن تىرىشچان، زېھنى ئوچۇق بالا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇستازى ئۇنىڭ قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ، داۋاملىق ئوقۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. قەشقەر خانلىق مەدرىسى ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقلىمدا نامى بار مەدرىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يەردە ئابدۇقادىر داموللام، موللا ئىسلام داموللام، شەمشىدىن داموللام قاتارلىق يېتىلگەن ئۇستازلار بار ئىدى. ئۇ قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە بېرىپ 1909-يىلىدىن 1919-يىلغىچە ئون يىل ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئۇ بۇ 10 يىل جەريانىدا يۇقىرىدا نامى

تىلغا ئېلىنغان ئۇستازلاردىن ئىلىم ئالغاندىن سىرت، قازى ئۇبۇل قاسىم ئاخۇنۇم، ئابدۇغۇپۇر ئاخۇن مەخسۇم، ئىمىن ھاجى خەلپىتىم، ھامۇت مۇپتى خەلپىتىم، قۇتلۇق شەۋقى، موللا سابىت خەلپىتىم، ئابدۇللا نەئىم تۇرپانى قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك زاتلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىدىغان ۋاقتىدا ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام ئۇنىڭغا ئىخلاس ۋە ئىشەنچ قىلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدىنى يۈكلەيدۇ.

مۇسايىپ داموللا ھاجىم كۇچاغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا كۇچا خەلقى نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە ئىلىمسىزلىكنىڭ قارا قازىنىلىرىدا قايناپ، زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان مەزگىل ئىدى. خەلقنىڭ گەجگىسىگە ھاكىمىيەتنىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىدىن سىرت، بىر قىسىم رىياكار موللىلارنىڭ ئاچكۆزلۈكى، ئالدامچىلىقىدىن شەكىللەنگەن قارا كۇنلەرمۇ يۈكلەنگەندى. بۇ ئەھۋاللارنى چۈشەنگەن مۇسايىپ داموللا ھاجىم ھەممە ئىشنى مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىدىن باشلاشنى نىيەت قىلدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئۆزى ئوقۇغان ھاشىم قازى ھاجىمنىڭ مەدرىسىسىدە، كېيىن كۇچېبىرىق بويى مەدرىسىسىدە 12 يىل مۇدەررىسلىك قىلدۇ، ئاخىردا ساقساق مەدرىسگە يۆتكىلىپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە شۇ مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلدۇ. ئۇ ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان مەدرىسلەردە بۇرۇنقى يالغۇز دىنىي ئوقۇتۇش بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان كونا ئادەتنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا زور ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ. دەرسلىكلەرگە ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم، تىبابەت قاتارلىق دەرسلەرنى قوشۇپ، ئوقۇتۇش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىزچىل تۈردە ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى خۇراپاتلىقنى، دىندا بىدئەت پەيدا قىلىشنى سۆكىدۇ ۋە چەكلەيدۇ. شۇڭا ئابدۇقادىر داموللام قەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر كۇچاغا كېلىپ، مۇسايىپ داموللامدىن تەلىم ۋە ئىلىم ئالىدۇ.

1933 ـ يىلى كۇچادا ئابلىمىت مەخسۇم باشچىلىقىدا يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتى باشلىنىپ، پەننىي مەكتەپ قۇرۇلىدۇ. مۇسايىپ داموللاھاجىم بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولىدۇ. ئۇ مەدرىستىكى تالىپلارغا دىنىي بىلىم ئۆگىنىشتىن سىرت، پەننىي مەكتەپكە بېرىپ، زامانىۋى، يېڭىچە بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇ پەننىي مەكتەپنى قوللاش يۈزىسىدىن ئوغلى تالىپ مەخسۇم ۋە خاتىم مەخسۇم، ئاۋۇدۇن قارىملارنى پەننىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇشقا ئەۋەتىدۇ. 1946 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى شەرقى

www.uyghurkitap.com

تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللىگەندە كۇچا خەلقىگە ۋاكالىتەن ۋەكىل بولۇپ، ھامۇت مەۋلىۋى داموللاھاجىم بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئەخمەتجان قاسىمغا كۇچا خەلقىنىڭ دەرت ئەھۋالىنى، ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى يەتكۈزىدۇ. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا كۇچادا تۈرۈشلۈق گومىنداڭ ئارمىيىسى كۇچا تارىخىدا مەشھۇر بولغان «ھورۇنباغ ۋەقەسى»نى پەيدا قىلىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى قىرغىن قىلىدۇ. مەرىپەتپەرۋەر، ئىلىم سۆيەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بولغان يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن ئېزىز يۇسۇپ، مۇھەممەتنىياز ناسىروۋ، ئابلىز ھامۇت قاتارلىقلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ. مۇسايىپ داموللاھاجىم بۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆزى باش بولۇپ، «قۇتقۇزۇش ھەيئىتى» تەشكىللەپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. مۇسايىپ داموللا ھاجىم گومىنداڭ ئارمىيىسىگە كاپالەت بېرىپ، تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ.

مۇسايىپ داموللاھاجىم دىيانەتلىك ھەق ـ ئادالەتلىك زات ئىدى. جەمئىيەتتىكى قالاقلىق، خۇراپاتلىق، بىدئەت ئىشلارغا قارشى ئىدى. ئوقۇغۇچىلىرىنى باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىمايتتى. ئەينى چاغدا ئادەتكە ئايلانغان ئۆشرە ـ زاكات، ناماز ھەققى ئېلىشتەك ئادەتلەرگە قارشى ئىدى. شۇ يىللاردا پۈتۈن جەمئىيەتتە ناماز ھەققى ئېلىش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان بىدئەت بىر ئىش بولۇپ، بۇ ئۆلۈملۈك بولغان، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىغان نامرات ئائىلىلەرگە ئورۇنسىز ئېغىر يۈك ئىدى. جىنازا نامىزىغا كەلگەن كىشىلەرگە ئاز دېگەندە بىر ـ ئىككى تەڭگە، ئىماملارغا ئات ـ قېچىرغىچە سوغا قىلىناتتى. بەزى نامرات ئائىلىلەردە ئۆلۈم ـ يىتىم ئىشلىرى بولۇپ قالسا، ناماز ھەققى تارقىتىدىغانغا پۇلى يوق مېيىتنىڭ نامىزى ئوقۇلماي، مېيىت ئۆيدە بىرقانچە كۈن، ھەتتا ھەپتىلەپ تۇرۇپ قالاتتى. بەزى ئائىلىلەر مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۆي ـ ماكانلىرى، مال ـ چارۋىلىرى ياكى ئېتىز ـ يەرلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىگىلىكى ۋەيران بولاتتى. مۇسايىپ داموللام بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، بىر قېتىملىق مېيىت نامىزىدا ناماز ھەققى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ ۋە بۇنى قۇرئان، ھەدىسلەر بىلەن شەرھلەيدۇ. گەرچە بۇنىڭغا بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ موللىلار قارشى چىقىپ، ئادەم توپلاپ جېدەل چىقىرىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ھامۇت مەۋلىۋى داموللاھاجىم، ئابدۇللا مەخسۇم، سايىم داموللا ھاجىم قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ قىزغىن

www.uyghurkitap.com

قوللىشى بىلەن پۈتۈن كۇچا مىقياسىدا ناماز ھەققى ئېلىش شۇنىڭدىن باشلاپ ئەمەلدىن قالدۇ.

مۇسايىپ داموللا ھاجىم بىلمى مول دىنىي ئۆلىما، تەجرىبىلىك مائارىپچى، قابىلىيەتلىك ئۇستاز ئىدى. ئۇ 37 يىللىق مۇدەررىسلىك ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان بىلىم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن شاگىرتلار كېيىنچە يالغۇز كۇچادىلا ئەمەس تارىم، جۇڭغار بوستانلىقلىرىنىڭ ھەممە جايلىرىدا كۆزگە كۆرۈنگەن، مۇنەۋۋەر ئىلىم ئەھلى بولۇپ، نام چىقىرىدۇ. مەسىلەن: كۇچادىن ھەسەن داموللا ھاجىم، سىدىق قارىھاجىم، نەجمىدىن داموللام، تالىپ مەخسۇم ھاجىم، نىياز داموللام، شاياردىن نامان داموللا ھاجىم، ئۆمەر كاتىپ، شېرىپ داموللام، ئابدۇخالىق مەخسۇم، توقسۇدىن ئىسمائىل داموللا ھاجىم، ئابدۇللا داموللا ھاجىم، ئابلىز داموللا ھاجىم، بايدىن يۇنۇس داموللا ھاجىم، ئەھمەت داموللا ھاجىم، بۈگۈردىن ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىم، ئاقسۇدىن مەمتىمىن ھاجىم، قاغىلىقتىن ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىم، كورلىدىن ھىدايەتۇللا داموللا ھاجىم، ئۈرۈمچىدىن ئابىد داموللا ھاجىم، تۇرپاندىن شاھمەردان داموللاھاجىم... قاتارلىقلار ئۇنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن ئىلىم سۆيەر شاگىرتلار ئىدى.

مەرھۇم مۇسايىپ داموللا ھاجىم ياتقان دۆڭ مەھەللە قەبرىستانلىقى كۇچا كونا شەھەردىكى ئەڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى تالايلىغان بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئاخىرەتلىككە ساھىبخانلىق قىلىپ كەلمەكتە. مېنىڭ ئانا جەمەت ئەجدادلىرىمنىڭ قەبرىلىرىمۇ مۇشۇ قەبرىستانلىقتا بولۇپ، رەھمەتلىك ئاناممۇ 2014 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. مەن كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ چوڭلار بىلەن بىرگە بۇ قەبرىستانلىققا نۇرغۇن قېتىم بارغان بولسامۇ، ئەمما مۇسايىپ داموللا ھاجىمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئەقلىمگە كەلمەپتىكەن. مەرھۇمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا 60 يىل بولغان بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھۆرمەتلىك زاتنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن ۋە روھىغا جانابى ئاللاھتىن ئەمىنلىك تىلەيمەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

«كۇچادا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر» قاھار نىياز، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى.

«كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى ئومۇمىي 5 ـ سان»

«كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

«كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى

2016 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

شۋېتسىيە، ستوكھولم.




بۇ ئىسلامىي ئىلىملەر ساھەسىدە ۋە سىياسەتتە كامالىغا يەتكەن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغان، زالىملارنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتنى قورقماي سۆزلەشتىن ھېچ ئىككىلەنمىگەن، بىلگەنلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلغان بىر ئۆلگىلىك ئالىمنىڭ تەرجىمىھالىدۇر.

بۇنداق ئۆلگىلىك ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشكە بولغان ئېھتىياجىمىزنىڭ زور بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، تارىخ تەكرارلىنىدۇ، ئۆتمۈشلەردىكى ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتى زامانىمىزدىكى ۋەقەلەرنىڭ بەئەينىسىدۇر، ئۆتمۈشلەردىكى ئۆلىمالارنىڭ بېشىغا كەلگەن سىناقلار زامانىمىزدىكى ئۆلىمالارنىڭ بېشىغىمۇ كەلمەكتە، ئۆتمۈشلەردىكى ئۆلىمالاردىن كۆتۈلگەن ھەققانىيەت، جاسارەت، شىجائەت ۋە مەردانىلىق زامانىمىزدىكى ئۆلىمالاردىنمۇ كۈتۈلمەكتە. شۇڭا زامانىمىزدىكى كىشىلەر ئۆتمۈشلەردىكى ئۆلگىلىك زاتلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۆگىنىشكە مۇھتاج.

ئىسمى ۋە قىسقىچە تارىخى:

ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالامنىڭ تولۇق ئىسمى ـ ئەبۇ مۇھەممەد ئىززۇددىن ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەبۇلقاسىم ئىبنى ھەسەن ئەل سەلەمىي بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 577-يىلى (1181م) ھازىرقى سۈرىيە پايتەختى دەمەشقتە تۇغۇلغان. ئوقۇشىنى دەمەشقتە باشلاپ يەنە دەمەشقتە ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام ئىسلام فىقھى، قانۇنشۇناسلىق، تەپسىر، ھەدىس، ئەرەب تىلى قاتارلىق ساھەلەردە مۇكەممەل يېتىشىپ چىققان ۋە مۇجتەھىدلىق دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇ كىشى ئۆز زامانىسىدا ئۆلىمالارنىڭ

www.uyghurkitap.com

سۇلتانى، شەيخۇلئىسلام، پادىشاھلارنى ئەدەپلىگۈچى دېگەندەك ناملارغا ئېرىشكەن. ئەللامە ھافىز زەھەبى مۇنداق دېگەن: «ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام مۇجتەھەدلىق دەرىجىسىگە يەتكەن، مەزھەپ پېشۋاسى بولغان، تەقۋادارلىقى، زاھىدلىقى، مول ئىلمى ۋە كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىكى تىرىشچانلىقى، دىندا مۇستەھكەملىكى بىلەن تونۇلغان ئالىم بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تالىپلار كېلىپ ئۇنىڭدا ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان».

ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام ئىنتايىن كەمبەغەل ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، دادىسى ئابدۇسسالام ھامماللىق قىلىش، دۇكانلارنىڭ ئالدىنى تازىلاش دېگەندەك جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايتتى. ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام كىچىك پېشىدىلا دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئىشى كىچىك ئىز ئىبنى ئابدۇسسالامغا قالغانىدى. دادىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنى ھەر نامازغا دەمەشىقتىكى ئەمەۋى جامەسىگە ئېلىپ باراتتى ۋە ئۇ جايدىكى مۇدەررىسلەرگە تونۇشتۇراتتى، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتى. كىچىك ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام دادىسىدىن كېيىن، دادىسى قىلغان جاپالىق ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە، بەزىدە ئەمەۋى جامەسىدە كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرىنى ساقلاپ بېرەتتى. شۇ ئەسنادا جامەدىكى مۇدەررىسلەردىن ئەللامە ئىبنى ئەساكىر ۋاستە بولۇپ ئۇنىڭغا جەمەنىڭ يان تەرىپىدىن بىر جاينى يېتىپ ـ قوپۇشى ئۈچۈن ھازىرلاپ بېرىدۇ ۋە بەزى دەرسلەرگە قاتناشتۇرىدۇ. ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالامنىڭ ئەمەۋى جامەسىدە تالىپ بولۇپ ئوقۇشى ئوڭايغا توختىمايدۇ. مۇدەررىسلەر دەسلەپتە ئۇنى يېشى كىچىك دەپ دەرسكە قاتناشتۇرمايدۇ. ئەللامە ئىبنى ئەساكىر يەنە ئارىغا كىرىپ ئۇنى دەرسلەرگە قاتناشتۇرىدۇ، كېيىنچە مۇدەررىسلەر ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە قايىل بولۇپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولىدۇ.

ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، ئاخىرى كاتتا ئۆلىمالاردىن بولىدۇ. كېيىنچە ئۆزى ئوقۇغان ئەمەۋى جامەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. مىسىرغا ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، مۇدەررىسلىك، قازىلىق، خاتىبلىق ۋە سىياسەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام مۇڭغۇل قوشۇنلىرىغا ۋە غەربنىڭ ئەھلىسەلىب قوشۇنلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جىھادلاردا كىشىلەرنى جىھادقا تەييارلىغان ۋە ئۆزىمۇ جىھادقا ئىشتىراك قىلىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان زاتتۇر. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 660 ـ يىلى(1262م) قاھىرەدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام مۇجتەھىد دەرىجىسىگە يەتكەن كاتتا ئالىم بولغانىنىڭ

سىرتىدا، پادىشاھلارغا، ئەمىرلەرگە خۇشامەت قىلمايدىغان، ئىرادىسى مۇستەھكەم ۋە قورقماس كىشىلەردىن بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى پادىشاھلارنىڭ ۋە ئەمىرلەرنىڭ يولسىزلىق قىلمىشلىرىغا كەسكىن قارشى چىقاتتى ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا قايتۇرۇشقا تىرىشاتتى.

ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام دەمەشقتىكى مەشھۇر ئەمەۋى جامەسىنىڭ خاتىبى ۋە دەمەشق شەھىرىنىڭ كاتتا قازىسى ئىدى. كېيىن مىسىرغا ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، مىسىر ھاكىمى نەجمىددىن ئەييۇب ئۇنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ، قاھىرە شەھىرىدىكى ئەمىر ئىبنى ئاس جامەسىنىڭ خاتىبلىقىغا ۋە مىسىر دىيارىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام مىسىردا كىشىلەرنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشقا، بىدئەتكە قارشى تۇرۇشقا ۋە مۇسۇلمانلارغا خىرىس قىلماقچى بولغان دۈشمەنلەرگە قارشى كەسكىن بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە زور ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۆپلىگەن ئۆچمەس خىزمەتلەرنى تەقدىم قىلىدۇ.

ھەقىقەتنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى كەسكىنلىكىدىن بەزى ئۆرنەكلەر

1. سالاھىددىن ئەييۇبى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، دەمەشق ھاكىمى سالىھ ئىسمائىل كامىل مىسىردا ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئىنىسى نەجمىددىن ئەييۇب دېگەن كىشىگە قارشى ئەھلىسەلىبلەر بىلەن بىرلىشىدۇ، ئىنىسى ئەييۇبنى يوقىتىپ بېرىش بەدىلىگە شام رايونىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس، تەبەرىيە، ئەسقەلان قاتارلىق جايلىرى ۋە مىسىرنىڭ بەزى شەھەرلىرىنى ئەھلىسەلىب قوشۇنىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە كېلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. شۇ چاغدا ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام جۈمە خۇتبىسىدە نۇتۇق سۆزلەپ، شام ھاكىمى سالىھ ئىسمائىل كامىلنىڭ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇ زۇلۇمغا قاراپ تۇرماسلىققا ئۈندەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن شام ھاكىمى ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، زىندانغا تاشلايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇنىدۇ. بۇ ئارىدا ھاكىم زىندانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالامغا: «سىزنىڭ بۇرۇنقى مەنسىپىڭىزگە قايتىشىڭىز ۋە تېخىمۇ چوڭ مەنسەپلەرگە يۈكسىلىشىڭىز ئۈچۈن بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ، ھاكىمغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈشتۇر» دەيدۇ. ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام بۇ گەپكە قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە كەسكىن جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھېچكىمنى قولۇمنى سۆيگىلى قويمايمەن. ئەمدى قانداق

www.uyghurkitap.com

بولۇپ باشقىلارنىڭ قولىنى سۆيىدىكەنمەن. ئي قەۋم سىلەر باشقا يولدا، مەن باشقا يولدا تۇرۇۋاتىمەن. ئاللاھقا شۈكۈركى، مېنى سىلەر مۇپتىلا بولغان سىناققا ئۇچراتماپتۇ».

2. ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مىسىر ھاكىمى نەجمىددىن ئەييۇب قاھىرەدىكى چوڭ قەلئەگە چىقىپ، ئەسكەرلەرنىڭ مانېۋىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى، ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ: «ئەي ئەييۇب! قىيامەت كۈنى ئاللاھ سەندىن ‹مەن ساڭا مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاتا قىلسام، سەن ئۇ جايدا ھاراق سېتىشقا رۇخسەت قىلدىڭمۇ؟› دەپ سورىسا، سەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟» دەيدۇ. ھاكىم: «بۇ ئىش مەرھۇم دادامنىڭ زامانىسىدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام ھاكىمغا دادىللىق بىلەن رەددىيە بېرىپ: «سىلەرمۇ خۇددى مۇشرىكلارغا ئوخشاش ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شۇنداق قىلاتتى، بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىمىز دەۋاتىسىلەر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم مىسىردىكى ھاراق دۇكانلىرىنىڭ ھەممىنى تاقاش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۇ چاغدا، ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالامنىڭ تالىبلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا : «ھاكىمنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقماي ئۇنىڭغا قارشى چىقتىڭىزغۇ؟» دېگەندە، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن ۋاقتىمدا، يەر يۈزىنىڭ ھەيۋەتلىك پادىشاھلىرى ماڭا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ» دەيدۇ.

3. 1249 ـ يىلى فرانسىيە پادىشاھى 9 ـ لۇۋىس ئەھلىسەلىب قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ شەرققە يۈرۈش قىلغان بولۇپ، ئۇلار مىسىرنىڭ دۇمىيات رايونىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قاھىرەگە قاراپ يولغا چىققاندا، مەنسۇرە دېگەن جايدا ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن لۇۋىس باشچىلىقىدىكى ئەھلىسەلىب قوشۇنى ئوتتۇرىدا قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. ئۇرۇشتا ئەھلىسەلىب قوشۇنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە لۇۋىس قاتارلىق قوماندانلار ئەسىرگە چۈشۈپ مىسىردىكى «لۇقمان تۈرمىسى»گە تاشلىنىدۇ. شۇ چاغدا، مۇسۇلمانلارنى ئەھلىسەلىب قوشۇنىغا قارشى جىھاد قىلىشقا ئۈندىگەن ۋە ئۆزىمۇ ئالدىنقى سەپتە بولغانلارنىڭ بىرى ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام ئىدى.

4. ھىجرىيەنىڭ 656 ـ يىلى ئۆز ۋاقتىدىكى ئىسلام پايتەختى باغداد چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، مىسىردىن باشقا ئىسلام دىيارىنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان بولىدۇ. مىسىردا نەجمىددىن ئەييۇب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىگە ئوغلى تۇران شاھ ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سەيفۇددىن قۇتۇز تەختكە چىقىدۇ، ئۇ بارلىق ئۆلىمالار،

ئەمىرلەرنى توپلاپ يىغىن ئاچىدۇ، يىغىندا چىنگىزخاننىڭ موغۇل ئەسكەرلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن خەلقتىن ياردەم توپلاش قارار قىلىندۇ. ئەمما ئەمىرلەرنىڭ خەزىنىسىدىكى پۇل ـ مال توغرۇلۇق گەپ ـ سۆز بولمايدۇ.

شۇ چاغدا ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام خۇتبە سۆزلەپ، ھاكىم ۋە ئەمىرلەرنىڭ خەزىنىسىدىكى پۇل ـ ماللارنىمۇ ئىسلام ئەسكەرلىرىنى جابدۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتىرىدىغان، ئىمانىنى كۈچەيتىدىغان تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم ۋە ئەمىرلەرمۇ ئادەتتىكى خەلققە ئوخشاشلا قول ئىلكىدە بار بولغان مال ـ دۇنيانى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. نەتىجىدە، قۇتۇز ئەسكەرلىرى ئەينجالۇت دېگەن جايدا چىنگىزخاننىڭ موغۇل قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىسىر چىنگىزخاننىڭ ئىشغالىدىن ئامان قالىدۇ.

## بەزى ئىلمىي خىزمەتلىرى

ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەندەك سىياسەتكىمۇ زور ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى ئۇ دىنىي ئىلىملەردە كامالغا يەتكەندەك، سىياسەتتىمۇ يېتىشكەن ئىدى. شۇڭا ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: «ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام نۇرغۇنلىغان كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مول ئىلمىگە قارىغاندا قالدۇرۇپ كەتكەنلىرى ئازلىق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاتمىش ئىككى يېشىدا شامدىن مىسىرغا ھىجرەت قىلغانغا قەدەر كىتاب يېزىش بىلەن شۇغۇللانمىغان بولۇپ، ۋاقتىنى ۋە ئۆمرىنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغىلا ئاتىغان ئىدى. ئۇنىڭ كىتاب يېزىشى مىسىردا باشلانغان. ئۇ مىسىرغا كەلگەندىن كېيىنمۇ دۆلەتنى ئىسلاھ قىلىش، ھاكىملارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش ۋە خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش قاتارلىق دۆلەت ئىشلىرى بىلەن بولۇش بىلەن بىرگە بەزى قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان».

ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام تەپسىر، ھەدىس، ئەقىدە، تارىخ، پەتىۋا ۋە زاھىدلىق قاتارلىق ساھەلەردە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالامنىڭ تەپسىردە «تفسير القران العظيم» ناملىق تەپسىرى، ھەدىستە «مختصر صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىمنىڭ خۇلاسىسى) ناملىق ئەسىرى، ئەقىدىدە «رسالة في علم التوحيد» (تەۋھىد رىسالىسى)، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا «الامام في بيان ادلة الاحكام» (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشتا ئاساس) قاتارلىق ئەسەرلىرى ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان ئەسەرلەر بولۇپ، كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىسلامىي چارىلىرى

دوكتۇر سىكو تورى
تەرجىمىدە ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئىنساننىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈشى بىلەن ئىبتىدائىي شەكىلدە باشلاندى. ئۇ چاغدا نە سىغىنىدىغان ئۆي، نە سەپەر قىلىدىغان ماشىنا يوق ئىدى. لېكىن بۇ ھايات ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تەرەققىي قىلىپ داۋاملاشتى. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ يەريۈزىدىكى خەلىپىسى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانسېرى ھايات شەكلى ئىپتىدائىيلىقتىن مەدەنىيەتكە، قالاقلىقتىن ھازارەتكە تەرەققى قىلدى. ئىنساننىڭ يەر شارىدا مەۋجۇت بولۇشى دېگەنلىك، ئىنساننىڭ تەبىئەت بىلەن يۈزلىشىشى ۋە يەر شارىنى گۈللەندۈرۈشى دېگەنلىكتۇر. ئىنسان بۇ ئىشنى ئىبادەت چۈشەنچىسى بىلەن قىلاتتى. بىز ئىسلام خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇلغاندىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى بۇ تەرەققىياتلارنىڭ ئىنسان ھاياتىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىجات قىلغانلىقىنى ۋە يېڭى تەرەققىيات تۆھپىلىرى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تۆھپىلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. مانا مۇشۇ سەۋەپتىن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۈممەتنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇرۇنقى سەۋىيىسىگە يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئامىللىرىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشماقتا. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرى تۆۋەندىكىچە:

## زامانىۋى ئىسلام چۈشەنچىسىنى بىلىش:

### تەربىيىۋى ئېقىم:

ئىسلام ئەۋلاتلىرىنى دىنىنى چۈشىنىدىغان قىلىپ، تەربىيىلەپ چىقىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ئەڭ ياخشى ئىسلاھ

يولىدۇر. تەقىييۇددىن نەبھانى ۋە سەئىد نۇرسى ئەڭ ياخشى چارە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش، ئۇنى تەتبىقلاشتۇر؛ بىنانى يېڭىلاشنىڭ يولى چۈشەنچىدۇر؛ دەپ قارايدۇ.

تەربىيە ئېقىمدىكى سەلەفىيلەر دىنغا مەنسۇپ ئىسلاھات جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، لېكىن دىننى ماددىي تەرەققىيات ۋە ئارقىدا قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋەسىلە قىلمايدۇ.

## ئىسلاھاتچى ئېقىم:

بۇ ئېقىمدىكىلەر ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئېقىمدىكىلەر ئۇممەتنىڭ ئارقىدا قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈش دەپ قارايدۇ. تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى سانائەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى تەلىم - تەربىيە نەزەرىيەلىرىگە كۆرە ئىسلاھ قىلىش لازىم دەيدۇ. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ بېشىدا ئىمام مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە مالىك ئىبنى نەبى كېلىدۇ.

## بىلىمنى ئىسلاملاشتۇرۇش ئېقىمى:

بىلىمنى ئىسلاملاشتۇرۇشقا چاقىرغۇچىلارنىڭ كۆپ سانلىقى غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ بېشىدا مۇھەممەد نەقىب ئەل ئەتتاس، ئىسمائىل ئەل فارۇقى ۋە مۇھەممەد كامال ھەسەن كېلىدۇ. بۇلار ئۇممەتنىڭ غەربتە تەرەققى قىلغان تەلىم - تەربىيە نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئېھتىياجى بار دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇنى تاسقاپ، ئىسلام پىرىنسىپلىرىغا ۋە يەرلىك ئۆرپ - ئادەتكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

## ئىسلامىي ھەرىكەت ئېقىمى:

بۇ باشقا بىر ئىسلاھاتچى ھەرىكەت بولۇپ، ئۇلار ئارقىدا قالغانلىق كىرىزىسنى تۈگىتىش ھۆكۈمەت ۋە رەھبەرلەرنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسەت ۋە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان» ۋە ۋەز - نەسىھەت بىلەن تۈزەتمىگەن ئىشنى ھاكىمىيەت بىلەن تۈزىتىدۇ. شەرىئەتنى تەتبىقلاش ۋە ئۇممەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىسلامىي جەمئىيەت بەرپا قىلىش ھاكىمىيەت بىلەن بولىدۇ. ھاكىمىيەت قولىدا بولغاندا، ئۇممەت تىنچ - ئامان ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ ۋە ھەر جەھەتتە تەرەققىي قىلالايدۇ. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ بېشىدا ھەسەن ئەل بەننا، مەۋدۇدى ۋە سەييىد قۇتۇب كېلىدۇ.

## ئوتتۇراھال ئېقىم:

يۇسۇف قەرداۋى، مۇھەممەد غەززالى ۋە مۇھەممەد ئەممارە قاتارلىق ئۆلىمالار ئۇممەتنىڭ مۇشكۇلىسى كۆزقاراشنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ۋە پىكىردىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ يوقلىقىدا يوشۇرۇنغان دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇممەتنىڭ ئەقىل بىلەن ۋەھيىنى، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى، ماددا بىلەن روھنى بىرلەشتۈرۈشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ بولسا ئوتتۇراھاللىقنىڭ سىمالىرىدىندۇر.

## ئەقىلگە تايىنىدىغانلار ئېقىمى:

ھەسەن تۇرابى، مۇھەممەد ئەرگۈن ۋە ھەسەن ھەنەفى قاتارلىق ئۆلىمالار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ۋەقەلەرگە ئېسىلىۋېلىشى ۋە ئارقىدا قېلىش كىرىزىسىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ يولىنى تاپالماسلىقى ھەققىي تار يولدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىيەسىدە دىن ھەقتۇر، لېكىن ئۇنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ھازىرقى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەرەققىيات بەلگىلەيدۇ. ۋەزىيەتكە ماسلىشىدىغان، ھەرىكەتچان ئىنسانىي ئەقىل دىنغا باشچىلىق قىلىدۇ.

## جىھاد ئېقىمى:

بۇ، ئىسلاھ قىلىشتا ئۆزىنى ئوتتۇراھاللىقتىن چىقىرىپ ئاشقۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان قىزغىنلىق ئېقىمى دەپ سۈپەتلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ دىنغا ۋە خەلققە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زىيادىلىكىدىن بولغان. ئۇلار ئۇممەتنىڭ ھازىرقى ھالىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يولى جىھاد ئېلان قىلىشتۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئەسلىدە يۇقىرىدىكى ئېقىملارنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىسىمۇ، ياشلارنىڭ چوڭقۇر ھەسسىيات بىلەن بۇ پىكىرنى قوللىشى بىلەن بۇ ھەرىكەت ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماسلىق ياكى مۇسۇلمان رەھبەرلەرنى ئۆزلىرىگە يېقىنلاشتۇرالماسلىق ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ شەخسىي تەمەخورلۇقى ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدۇر. مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ بىرى بۇ ئېقىمنىڭ «قىلىچ كىتابلارنى ياخشىراقتۇر» دېگەن ئىدىيىسىدۇر، دېگۈچىلەرمۇ بار.

## تەۋھىد ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىش چارىسى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئېقىملارنىڭ بەزىسى ئارقىدا قېلىشنى ھەل قىلىدىغان نەرسە تەۋھىدتۇر؛ مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن يولغا چىقىشى ۋە ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى تەۋھىدكە باغلىشى لازىم دېگەن قاراشتا بىرلىشىدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى «ئەي ئىسلام دەۋەتچىلىرى تەۋھىدنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇڭلار!» دېگەن رىسالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئۆزى باشلىغان ئىشتىن باشلاشقا بۇيرۇغان. ئۇ بولسىمۇ تەۋھىدكە چاقىرىشتۇر.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلىغان نەرسە بىلەن باشلايمىز. ئۇ بولسىمۇ ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇزۇلغان ئەقىدىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ئاندىن ئىبادەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۈچىنچى قەدەمدە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئىسلاھ قىلىشتۇر.»

شۇنىڭدەك سەييىد قۇتۇپمۇ ھەرىكەت ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇش بىلەن بىرگە «ئىسلامىي تەسەۋۋۇرنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «تەۋھىدنى بىلىش، كائىناتنىڭ ھەققىتىنى بىلىش،

ھاياتلىقنى ۋە ئىنسانىي بىلىش مۇسۇلماننى ئىسلامىي ھەرىكەت تەرەپكە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر. تەۋھىدنى پەقەت نەزەرىيە تەرەپتىنلا بىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ھەرىكەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوشۇلۇشى لازىم.»

ئوتتۇراھاللىق قارىشىنىڭ پىشۋالىرىدىن يۇسۇف قەرداۋىنىڭ كىتابلىرىنى مۇتالىئە قىلغان كىشى ئۇنىڭمۇ مۇشۇ ھەقىقەتنى كۈچەندۈرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. قەرداۋى «ئىمان ۋە ھايات» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان، دىن ۋە تەۋھىد بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەرەبلەرنىڭ كەملىكىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئۇ بولسا مۇسۇلماننىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىنىڭ ئاساسلىق ئامىلىدۇر. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىسلامىي كىملىكىمىزنى پاكلاش ۋە ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ئىمان ۋە دىندىن ئىبارەت ئەسلىي ئاچقۇچنى ئىشقا سالماستىن ھەرقانچە تىرىشساقمۇ، سۇنىڭ ئۈستىگە بىنا سالغان ياكى ھاۋا بوشلۇقىغا خەت يازغان كىشىدەك بىھۇدە ئىش قىلغان بولىمىز.»

فارۇقىي ئەقىدە ھەققىدە بىر كىتاب يېزىپ ئۇنىڭغا «تەۋھىدنىڭ پىكىر ۋە ھاياتقا كاپالەتلىك قىلىشى» دەپ ئات قويىدى. مۇئەللىپنىڭ بۇ كىتابىنى يېزىشتىكى مەقسىتى مۇسۇلمان ياشلارغا ئىسلامنىڭ مەجبۇدىيەت قارىشىنى تونۇتۇش، ئۇلارنىڭ بۇ ئاڭ بىلەن قوراللىنىپ نەپسىنى ھەقىقىي ئىسلاھ قىلىش ھەرىكىتىگە ئۆتۈشىنى، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب، مۇھەممەد ئىدرىس سەنۇسى ۋە ھەسەن ئەل بەننا قاتارلىق سەلەفىي ھەرىكىتىنىڭ بۈيۈك رەھبەرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلارنىڭ مېۋىلىرىنى يىغىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىسلام بىلەن ئىنسانىي پىكىر ۋە ھەرىكەت مەيدانلىرى ئارىسىدا مۇستەھكەم ئالاقە قۇرۇشنى كۆزلىگەن.

ئارقىدا قېلىشنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پىكىرىي ھەرىكەتلەرنى قوبۇل قىلىش، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرخىل تەكلىپلەرنىڭ ئارىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنىڭ ئارىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئۈممەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا دىن ۋە دىندارلىقنىڭ رولىنى كۈچلەندۈرۈش، ئۈممەتنىڭ مۇشكۇللىرىنى ھەل قىلىشتا بىرلىكنىڭ مەنىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە بۇ ئىشلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان دىنىي خىتابلاردۇر. بۇ ئىسلامىي ئېقىملارنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىگە مەركەزلىشىپ، ئىجابىي تەرەپلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈممەتكە نەپ بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ يارىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانسىرىشىنى ئاشۇرۇپ، قۇرۇق تۈگمەندە ئايلاندۇرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ھالى مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. ھېچكىم باشقا بىرىنىڭ كۆزقارىشىنى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ.[①]

[①] http://islamonline.net

www.uyghurkitap.com







## ھەر دائىم ئەجابىي ئادەم بولۇڭلار...

بۇ دۇنيا قىيىنچىلىق ۋە كىرىزىسلار بىلەن تولغان. بۇ دۇنيادا داۋانلارغا دۇچ كەلمىگەن، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ باقمىغان ھېچقانداق شەخس، ئائىلە ياكى جەمئىيەت مەۋجۇت ئەمەس. بەزى قىيىنچىلىقلار ئىشلارنىڭ ماھىيىتى ۋە بىز ياشاۋاتقان مۇھىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بەزىلىرى شەخسلەردىكى چولتىلىق، سەۋەنلىك ياكى بوشاڭلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ھەر جايدا باشقىلار بۇزغاننى تۈزەشكە، جەمئىيەت ۋە ۋەتەنىنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشكە تەييار تۇرىدىغان بىر تۈركۈم ياخشى كىشىلەر بار. بۇلار شۇ جەمئىيەتنىڭ تەمىنى تېتىشىدىغان تۇز، پۇرىقىنى خۇش ھىد قىلىدىغان ئەتىر ۋە جۇلالاندۇرىدىغان نۇرلىرىدۇر. ئۇلار ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ۋە ئۆزى تەۋە توپنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەر قانداق قىيىنچىلىقنىڭ ھامان بىر ھەل قىلىش يولى بارلىقىغا چىن پۈتىدۇ-دە، دەررۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندە ئەجابىي ئادەملەرنىڭ ھاياتىدىن ئۆرنەكلەرنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

بىر مەھەللە كىشىلىرى جامائەتنى تەرك ئەتكەن بولسا، ھەر كۈنى مەسچىت جامائىتىگە قاتنىشىدىغانلار ھېلىقى مەھەللە كىشىلىرىگە جامائەتنى تەرك ئېتىشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈشى، ئۇلارنى جامائەت نامىزىغا قىزىقتۇرۇپ بۇ ئومۇم كەيپىياتنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. مانا

بۇلار ئۆز ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھېلىقى مەھەللىنىڭ قېيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان ئىجابىي ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئائىلە ئەزالىرى ئىشسىز بولۇپ، نامراتچىلىقتا ياشايدىكەن. بۇ ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىقتىسادىي قېيىنچىلىق. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ئىش ئىزدىسە ۋە يېڭى ئىش تۈرلىرى ئۈستىدە ئىزدەنسە... مانا بۇ ئادەم ئىقتىسادىي قېيىنچىلىقنى ھەل قىلىش يولىدىكى ئىجابىي ئادەم ھېسابلىدۇ.

بىر سىنىپنىڭ ئىنتىزامى ياخشى بولمىغانلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشقا قىزىقماسلىقى تۈپەيلىدىن سىنىپنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ئاجىز بولسا، بىر قانچە تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ سىنىپنىڭ ئىنتىزامىغا مەسئۇل بولسا ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلسا... مانا بۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ قېيىنچىلىق ھەل قىلىدىغان ئىجابىي باللار ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئىشلاردا ئىجابىي رول ئېلىشقا تىرىشىدىغان، دائىم قېيىنچىلىق ۋە كىرىزىسلەرنى ھەل قىلىشقا كۈچەيدىغانلار ئىنتايىن ئۇلۇغ ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار قانداق مۇھىتتا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە خەيرلىك ۋە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ.

2. ئىجابىي ئادەملەر تەبئىيكى ئەتراپىدىكى باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك مەلۇماتلىق ۋە روھى يۈكسەلگەن كىشىلەردۇر. بىز مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەردىن بولۇشقا تىرىششىمىز كېرەك.

3. شەيتان دائىم بىزگە «سەن ئىسلاھ قىلىپ بولالمايسەن، سېنىڭ ئۇنچىلىك ئىقتىدارىڭ يوق» دەپ ۋەسۋەسە قىلىپ تۇرىدۇ. بىز ھەرگىزمۇ بۇنداق ۋەسۋەسىلەرگە ئالدىنىپ كەتمەسلىكىمىز، شۇنداقلا ھەر دائىم ئۆزىمىزنى ئىسلاھات ساھەسىدە ياخشى ئىز قالدۇرۇشقا مۇناسىپ ئادەم دەپ ئويلىشىمىز ۋە ئاللاھتىن مەدەت تىلىگەن ھالدا دەررۇ ئىسلاھاتقا ئاتلىنىشىمىز كېرەك.

4. دائىم ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئىجابىي ئادەم بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى، ھەر يەردە پىشكەلچىلىك پەيدا قىلىپلا يۈرىدىغان شۇمبۇيا بولۇپ قالماسلىقىمىزنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

5. ناۋادا بىز ئىجابىي ئادەم بولالمايلا قالساق، ھەر يەردە پىشكەلچىلىك پەيدا قىلىپ يۈرىدىغان پالاكەت ئادەم بولۇپ قېلىشىمىز ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

6. ھەر قانداق قېيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ۋاقىتنى كەينىگە سوزماي، كونتروللۇقىمىزدىن چىقىپ كەتكىچە دەرھال

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەل قىلىشقا يۈزلىنىشىمىز كېرەك.




## ئۆزۈڭلارنى چۈشىنىشكە قىزىقامسىلەر؟

بەزىلەر بۇ قانداق سوئال بوپ كەتتى، ئۆزىنى چۈشىنىشكە قىزىقمايدىغانمۇ ئادەم بولامدۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. توغرا، ھەممىمىز ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنى چۈشىنىشكە، تاقىتىمىز يەتكەن بارلىق نەرسىلەرنى بىلىپ بېقىشقا قىزىقىمىز.

ئۇنداقتا ياخشى، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى بىلىدىغان ئىنتايىن ئاددىي بىر ئۆلچەم بار. شۇ ئۆلچەمنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز باھا بېرەلەيمىز. ئۇ بولسىمۇ، مالامەت قىلغۇچى نەپسنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەمكى».[①] مۇئمىنلەر قىلىۋاتقان ئىشلىرىدا (يەنى كەمچىلىكلىرىدە) ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۆزىگە مالامەت قىلىپ، (ئەمدى شۇنداق كەمچىلىك ئۆتكۈزمەسلىككە بەل باغلايدۇ). پاسىق ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان ۋاقىتلىرى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. خىلى خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرنى سادىر قىلسىمۇ پەرۋايىغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئادەملەر قانچىكى سالىھ بولغانسېرى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشى، ئۆزىنى تەكشۈرۈشى كۆپرەك بولىدۇ. بەزى ئادەملەر ئاللاھقا سەجدە قىلماي نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئۆزىگە مالامەت قىلمايدۇ. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر بىرەر قېتىم جامائەتكە چىقالمىسىمۇ ياكى نامازنى ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويسىمۇ ئۆزىگە مالامەت قىلىدۇ. بەزى ئادەملەر «قۇرئان كەرىم»نى ۋاراقلاپ قويماي يىل ئۆتۈپ كەتسىمۇ ھېچ كارى بولمايدۇ. بەزى ئادەملەر كۈندە بىر قانچە بەت ئوقۇپ تۇرمىسا ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىدۇ. بەزى ئادەملەر ئىشقا 10 مىنۇت كېچىكىپ قالسىمۇ ئۆزىگە مالامەت قىلىپ، خىجىلچىلىق ھېس قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ھېچقانداق ئۆزرىسىز ھالدا بىر قانچە كۈن ئىش ئورنىغا كەلمىسىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىدۇ...

شۇنداق، يۈرىكىمىزنىڭ ئىچىدىن ئۇرغۇۋاتقان كايىش ۋە مالامەتلەرنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقى ۋىجدانىمىزنىڭ ئويغاق ياكى مۈگدەپ قالغانلىقى، شۇنداقلا روھىمىزنىڭ ئالىيجاناب ياكى پەسلىككە قارىتا بولىدۇ.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

[①] سۈرە قىيامەت 2-ئايەت

1. كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىككىلارغا قارىتا ئىچكىلاردا جاراڭلاۋاتقان ئاۋازلارغا ياخشى قۇلاق سېلىڭلار.

2. ئۆزۈڭلاردىن ھەر دائىم «ئىچىمدىكى بۇ چۇقان مېنى يۈكسىلىش ۋە ئالىيجانابلىققا ئۈندەمدۇ ياكى چۈشكۈنلۈك ۋە گۇمراھلىققا چاقىرامدۇ؟» دەپ سوراپ تۇرۇڭلار. شۇنداقلا چىقارغان يەكۈنىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىشتىكى ئۆلچەم قىلىڭلار.

3. ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىڭلارغا قايتىدىن بىر نەزەر سېلىپ بېقىڭلار. شۇنداقلا ئىدىيە ۋە قاراشلىرىڭلارنى توغرىلاش ۋە جۇلالاندۇرۇشقا تىرىشىڭلار.

4. گۇناھ ۋە سەۋەنلىكلەرگە قارىتا تۈيغۇنلۇقۇڭلارنى ئاشۇرۇپ، خاتالىقلارنى ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق تازىلاپ تۇرۇڭلار.




## قىزىم دىققەت قىلىڭ!

ئۆتمۈشتە بىر قىز كىشىلەرگە ئارىلاشماي تەنھا ئۆتۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلاپ قالالايتتى، شۇنداقلا ھەر خىل بەدنىيەتلەرنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلىنىپ قالالايتتى. ئەمما ھازىر ئۆي ـ ئۆيدە ئىنتېرنېت ۋە تېلېۋىزور ئومۇملاشتى. ھەرخىل ئۇچۇر ـ ئالاقە ۋاستىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. تەنھالىق ھەققىدە سۆز ئېچىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى قىزلار ئائىلىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىقالايدىغان ۋە ئۆزىنى بەختلىك قىلالايدىغان ياخشىراق يىگىتتىن بىرى بىلەن تونۇشۇپ تۇرمۇش قۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئەمما قىزلارنىڭ بۇ خىيالى بەزىدە ئۇنچە ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەيدۇ. قىزلار ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇشقان يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن ئىنتېرنېتتىن ئۇچرىغان قىزلار بىلەن توي قىلىشنى ئويلاشمايدۇ.

ياخشى يىگىتلەر تويدىن ئىبارەت ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشقا شەرئىي يوللار ئارقىلىق يېتىدۇ. ئۆزى كۆڭلىگە پۈككەن قىزلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئەمما يەنە بىر قىسىم ياشلار ھەرخىل ئالاقە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ قىزلارنىڭ نازۇك ھېسسىياتىغا ئۇسۇپ كىرىدۇ ـ دە، ھازىرغىچە ئۆزىگە مۇناسىپ كەلگۈدەك ھېچكىم بىلەن تونۇشمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ گەپلىرىگە تالايلىغان پاكىتلارنى كەلتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. لېكىن بۇنداق ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى يالغانچى كېلىدۇ. ناۋادا راستچىل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قىزلار بىلەن خۇپىيانە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالاقىلىشىپ يۈرۈشلىرى ئۇنىڭ ئانچە ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

ئى قىزىم! سىز كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقكۆڭۈل، تەجرىبىسىز ۋە ساددا. سىز يىگىتلەرنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيسىز. مۇشۇنداق ھالەتتە سىز ئۇلارنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ سالسىڭىز، بۇ قالايمىقانچىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىشىڭىز بەسى مۈشكۈلگە توختايدۇ. بەزى ياشلار بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپلا كۆڭلىگە ۋەسۋەسە چۈشىدۇ ـ دە، ئۇنى خۇيپيانە سۈرەتكە تارتىۋالىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا ئاۋاز كىرىشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشتە ۋاستە قىلىپ قوللىنىدۇ. قىزلارغا شۇ سۈرەت ۋە ئاۋازلار ئارقىلىق تەھدىت سالىدۇ ۋە قورقىتىدۇ. سىز ناۋادا بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ قالسىڭىز ئۆزىڭىزنى خۇددى مىنا كۆمۈلگەن يوللاردىكى مىنا تازىلىغۇچى چارۋىلاردەك ھېس قىلىپ قالىسىز. ئۆزىڭىزنى ھەممە ئادەمنىڭ خاتا گۇمانىغا ئوبيېكت بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. قىزلار بۇ خىل ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا شۇنداق غەيلەتتە قالسىلا، شۇم نىيەت ياۋايىلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھېسسىيات جەھەتتە تۇراقسىز، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئاجىزلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان بىر پەيتتە ھىلقى قارا كۆڭۈل ئۇنىڭغا توي ۋەدىسى بىلەن يېقىنلىشىدۇ ـ دە، ئىشتىن كېيىنلا تاشلاپ كېتىدۇ. قىزنىڭ بېشىغا تاغدەك غەم چۈشىدۇ. بەزىدە ھامىلىدار بولۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە قاتمۇقات جىنايەتلەر سادىر بولىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ ۋە نەسەپسىز تەۋەللۇت قىلىپ قويغان پەرزەنتىنىڭمۇ جىنايەتچىسىگە ئايلىنىدۇ.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىزلارغا قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئى قىزىم شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىڭكى، ئاللاھنىڭ سىزگە پۈتكىنى مەيلى سىز ئاجىز بولۇپ، ئۆزىڭىزنى ساقلاپ تەنھا ياشاڭ ياكى يىراق جايدا ياشاڭ بەربىر سىزنى ئىزدەپ تاپىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ياخشى ئەرلەرگە ياخشى ئاياللارنى، ياخشى ئاياللارغا ياخشى ئەرلەرنى ئۇچراشتۇرىدۇ. ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق سالىھ ھالال جۈپتىڭىزنى تىلەڭ. شۇنى بىلىڭكى، ئاللاھنىڭ پەزلى ـ مەرھەمەتلىرىگە گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن ئەمەس، پەقەت ئاللاھقا بولغان ئىتائەت ۋە تەقۋادارلىق ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

3. يىگىتلەر ھېچقاچان باشقىلارغا ئاسان ئېشىنىپ كېتىدىغان، ئۆزىنىڭ تەلپىگە ئاسانلا ماقۇل كەلگەن قىزلارنى مەڭگۈلۈك ئايالى قىلىپ تاللىمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق خاراكتېردىكى قىزلار ھېسسىياتى ئاجىز ۋە ئىشەنچسىز دەپ قارىلىدۇ.

4. ھەردائىم ئاللاھنىڭ نازارىتىدە ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنۇتماڭ. ئاللاھنى كۆپ ئەسلەڭ. ئاللاھتىن ياردەم سوراڭ. روھىڭىز دائىم ئاللاھقا تەلپۈنۈپ تۇرسۇن.

شۇندىلا سىز ھەقىقىي بەختكە، سائادەتكە ۋە خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسىز. سىز يۇقىرى ھالاۋەتنى ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ پاك ھالاۋەتنى نىشان قىلىڭ.




## شۈكۈرچان كىشىلەردىن بولۇڭلار!

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئاللاھنىڭ (سىلەرگە ئاتا قىلغان) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

مەن مەزكۇر ئايەتنى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە توختالغان ئەڭ پاساھەتلىك ئايەت دەپ قارايمەن.

ھازىرقى دەۋرىمىز پۈتۈنلەي قاقشاش ۋە شىكايەت بىلەن توشۇپ كەتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، كىشلەرنىڭ ئارمانلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتتى، شۇنداقلا ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق بولۇپ قالدى. بىز ھەرگىزمۇ دولقۇنغا ئەگىشىپ، كىشىلەر نېمە قىلسا شۇنى قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالماسلىقىمىز، شۇنداقلا ئەسلى مەنبەگە قايتىشىمىز كېرەك.

شۇنى ئەسكە ئېلىشىمىز كېرەككى، ۋەزىيەت ۋە شارائىت ھەرقانچە ناچار بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىشىمىزغا ئۈندەيدىغان نۇرغۇن نېمەتلەر بار. ئائىلىۋق، بىزدە ئىمان بار، كۆز، قۇلاقلىرىمىز بار. ئۇرۇق ـ تۇققانلار، دوست ـ بۇرادەرلەر بار... ئەڭ مۇھىمى بىزدە خاتالىقلارغا تەۋبە قىلغۇدەك ئىمكانىيەت بار، ياخشىلىق قىلىۋالغۇدەك پۇرسەتمۇ بار.

ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر نېمەت. چۈنكى ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بىر بەندىنى شۈكۈرگە مۇۋەپپەق قىلىشىمۇ، چەكسىز شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك بىر نېمەت. شۈكۈر نېمىتى بارچە خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسىنىڭ شۇنداقلا كۆڭۈل ئارامىنىڭ مەنبەسى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سۇلەيمان ئۇ تەختنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدە: «بۇ رەببىمنىڭ مېنى شۈكۈر قىلامدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلامدۇ دەپ سىناش ئۈچۈن ماڭا قىلغان پەزلى-كەرىمىدۇر. كىمكى شۈكۈر قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ، كىمكى تۇزكورلۇق قىلىدىكەن، (شۇنى بىلسۇنكى) ھەقىقەتەن رەببىم (ھەممىدىن) بىھاجەت، ئاتا-ئېھسانى كەڭ زاتتۇر».﴾[2]

---

[1] سۈرە نەھل: 18 ـ ئايەت

[2] سۈرە نەمل: 40 ـ ئايەت

ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن ئادەملەر بار، ئۇلار شىكايەت قىلىپ، قاقشاپ ھارمايدۇ. ئۇلار بىلەن بىردەم بىللە ئولتۇرسىڭىز، ئۇلارنى بۇ دۇنيادىن ھېچنەرسىگە قانمىغاندەك، ھېچنەرسىدىن رازى بولۇپ باقمىغاندەك ھېس قىلىسىز. مانا بۇ خىل روھىي ھالەت تۈگمەس ئىچى سىقىلىش ۋە روھىي بېسىملارنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەر ھېچبىر زۆرۈرىيەتسىز ھالدا ئۇھسىنىپ، سىقىلىش ھېس قىلىپ ياشايدۇ.

بىز ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىش، تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئارقىلىق، شۇنداقلا بىزگە ياخشىلىق قىلغانلارغا قارىتا چىرايلىق تەشەككۈر بىلدۈرۈش، ئۆزئارا ساداقەت ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى روھىي زىددىيەت ۋە ئىچ سىقىلىشلاردىن ساقلاپ قالالايمىز.

بىراۋ بىزدىن ئەھۋال سورىسا، بىز «ئەلھەمدۇلىللاھ ئاللاھنىڭ پەيزۇ ـ بەرەكاتلىرىگە چۆمۈپ ياشاۋاتىمەن، ئەھۋالىم ئىنتايىن ياخشى، ئاللاھ نېمەت ۋە پەزلى ـ كەرەملىرىنى مەڭگۈ قىلىپ بەرگەي!» دېگەندەك شۈكۈر ۋە مەمنۇنىيەت ئىبارىلىرى بىلەن جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك.

شۈكۈر دېگىنىمىز بىزگە نېمەت بەرگەن زاتقا چىن قەلبىمىزدىن مەمنۇنىيەت ئىپادە قىلىش بىلەن بىرگە يەنە بىزگە ياردەم بەرگەن، بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرغان دوست ـ بۇرادەلەرگە ئاغزاكى ۋە ئەمەلىي رەۋىشتە تەشەككۈر ئېيتىش ۋە گۈزەل مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

شۇنى تەكىتلەيمەنكى، بىز ھەر دائىم ئۆزىمىزنى تەشەككۈر ۋە مەمنۇنىيەت ئىبارىلىرىگە ئادەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئېغىزىمىزدىن ھەر دائىم بىزگە ياردەم قىلغان، بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرغان، ئۇن ـ تىنسىز بىزگە ياخشى تىلەكتە بولغانلارغا مەدھىيە، ياخشى تىلەك، تەشەككۈرنامىلەر يېغىپ تۇرسۇن. بۇلار ئەلۋەتتە ياسالمىلىقتىن خالىي، چىن قەلبىمىزدىن ئۇرغۇپ چىققان بولسۇن. شۈكۈر ۋە تەشەككۈرنىڭ تۈرلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى ئاغزاكى بولسا، بەزىلىرى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ھەر بىر ئېرىشكەن نېمەتلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس شۈكۈر ۋە تەشەككۈر بىلدۈرۈش يوللىرى بولىدۇ. بۇ نۇقتىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە شۈكۈر قىلىش ۋە تەشەككۈر بىلدۈرۈشمۇ بىر خىل سەنئەت. بۇنى چوقۇم ئىنتايىن ئىنچىكە ئۆزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز شۈكۈر ۋە تەشەككۈرنىڭ تۈرلىرىنى ئىنچىكە بىلىۋالساقلا، ئۆزىمىزنىڭ ھەر قاچان شۈكۈر ۋە تەشەككۈرگە لايىق بىر ھاياتتا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنىۋالالايمىز.

شۈبھىسىزكى، بارلىق مەخلۇقات ئاللاھنىڭدۇر. ھەر شەيئىگە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ياخشىلىق قىلىش ۋە مۇھەببەت بېغىشلاش بىزنىڭ ئاللاھقا قىلغان شۈكرىمىزنىڭ جۈملىسىدىندۇر.




بۇ ئالەمدە شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ ھايات كەچمىشلىرىنى ئوقۇيدىغان بولسىڭىز ئۇلارنىڭ ھاياتى نورمال بىر ئادەمنىڭ قىلالىشى تەس بولغان ئاجايىپ باتۇرلۇق، قالتىس پىداكارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، ئۆزىڭىزنى رىۋايەت ياكى چۆچەك ئوقۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالىسىز. سىز جامالىددىن ئافغانىي نىڭ تارىخىنى ئوقۇسىڭىز، بۇ ئادەم بىر مۆجىزە ئىكەن دەپ قالىسىز. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتلۇق ساداسى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنى پۈتۈن بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ھالدا ئافغانىستان، ئىران، مىسىر ۋە تۈركىيەلەرنى تىترىتىپ، يالقۇنجاپ ئەتراپقا يورۇقلۇق چاچىدىغان بىر مەشئەل يېقىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئىسلام يۇرتلىرىنى كېزىپ چىققان ئىدى. ئاخىرى ئۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پەرزەنتلىرى قوبۇل قىلغۇدەك يېڭى مەنالارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گويا دىنىنىڭ جەۋھىرىدەك قارىلىپ قالغان يۆلىنىۋېلىش، قاتماللىق ۋە بېكىنمىچىلىككە ئوخشاش پاسسىپ ئۇقۇملارنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان ئىدى.

ئەگەر كىشىلەر جامالىددىن ئافغانىي نى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرمىگەن، قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىمىغان؛ ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن كىتاب يازمىغان، مۇنبەرلەردە ئۆز تىلى بىلەن خۇتبە سۆزلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇنداق بىر كىشىنىڭ بولۇشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس دېيىشكەن بولاتتى. بىز جامالىددىن ئافغانىي نىڭ ھېكايىسىگە قالتىس يېڭىلىقلارنى ياراتقان، ئاجايىپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن يەنە بىر كىشىنىڭ ھېكايىسىنى قوشىمىز. ئۇ بولسىمۇ، يۇرت كېزەر دەۋەتچى، چىدامچان مۇجاھىد ئۇستاز ئابدۇرەشىدئىبراھىمدۇر. ئۇ يۈز ياشقا تاقىغان بەرىكەتلىك ئۆمرىنى تاكى 1944-يىلى 31-ئاۋغۇستتا جانابى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكەنگە قەدەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆتكۈزگەن

www.uyghurkitap.com

ئىدى.

جامالىددىن ئافغانىي كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە دۇنيانىڭ بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان ئوتلۇق ئىنقىلابچى بولۇپ، ھېچبىر قارار ئۇنى يولدىن توختىتالمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى مەھكۇملۇق، ياۋغا باش ئېگىش، خار ـ زەبۇنلۇق قاتارلىق ئاچچىق ھەقىقەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ روھى بىلەن قۇۋۋەتلەپ، ئۆزىنىڭ غورۇرى بىلەن يېتىلدۈرگەن ۋاپادار شاگىرتلىرىدىن قوشۇن تەشكىللەپ ئىنقىلابنىڭ ئوتىنى ياققان ئىدى.

ئەمما ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم بولسا، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە گۈزەل نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلىپ، جەمجىتلىق ئىچىدە كىتاب يازىدىغان ۋە سۈكۈنات ئىچىدە ۋەز ئېيتىدىغان، چىدام ۋە غەيرەت بىلەن يۇرت كېزىدىغان، چاچقان ئۇرۇقلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كۆرۈشكە ئالدىرىماي ئۇنى كېلەچەككە قالدۇرىدىغان بىر پىدائىي بولۇشنى تاللىغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلغانىدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر ياشاپ، ياندۇرغان نۇر ـ چىرىقىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلەردە قالغان ناھايىتى يىراق ماكانلارغىچە سوزۇلغانلىقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ھاياتىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، 1939 ـ يىلى ياپونىيە پارلامېنتىنىڭ ئىسلامنى دۆلەتنىڭ رەسمىي دىنلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. مۇشۇ ئېتىراپ قىلىنىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ ياپونىيەگە ئىككى مەسچىت سالغان ئىدى.

ئاخبارات ژۇرنىلىنىڭ 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايلىق بىر سانىدا ئۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار ئېلان قىلىنغان:

«توكيودىكى ئىسلام جەمئىيىتى رەئىسى ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم خەۋەر يوللاپ مۇنداق دەيدۇ: ياپونىيە مائارىپ مىنىستىرى 1939 ـ يىلى 1 ـ مارت كۈنى بۇددا دىنى بىلەن خىرىستىيان دىنىنى ياپونىيەنىڭ رەسمىي دىنلىرى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدا «زىزال ئەراكى» دېيىلىدىغان بىر قانۇن لايىھىسىنى ياپونىيە پارلامېنتىغا سۇنغان. بەزى پارلامېنت ئەزالىرى: ئىسلام دىنى قېنى؟ ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشكەندىن كېيىن، پارلامېنتتا ئۆزئارا قارشىلىق سادالىرى گۈلدۈرلەپ، ئۇ ھەقتە ئۈچ كۈن ئۇدا مۇنازىرە قىلىندى. ئاخىرىدا مەزكۇر لايىھە مائارىپ مىنىستىرلىكىگە قايتۇرۇلۇپ، بۇددا ۋە خىرىستىيان دىنلىرى بىلەن بىرگە ئىسلام دىنىمۇ ئېتىراپ قىلىنىش كاپالىتىگە ئىگە بولدى. نەتىجىدە پارلامېنت ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلىپ قارار ماقۇللىدى. بۇ خەۋەر يېيىلىپ، ياپونىيە گېزىتلىرى ئۇ ھەقتىكى مۇھاكىمىلەرنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر مەسچىتكە توپ ـ توپ بولۇپ كېلىشكە باشلىدى ۋە توكيودىكى ئىسلام جەمئىيىتىدىن ئىسلام توغرىسىدا ياپونچە كىتابلارنى تەلەپ قىلدى».

بىز بىر كۈنى جۈمەنى ئۇستاز دوكتور

ئابدۇلۋاھھاب بىن ئەززامنىڭ[①] مەسچىتىدە ئوقۇغان ئىدۇق. ئۇ نامازخانلارغا يېڭى دەۋردىكى ئىسلام دەۋەتچىلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئۇستاز ئابدۇرەشىد ھەققىدە توختالدى. ئۇ شۇ چاغدا مۇنۇلارنى دېگەن ئىدى:

«ئۇ جىمى ھاياتلىق باسقۇچلىرىدا ئىزچىل تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنىڭ جانلىق ئۈلگىسى بولۇپ، ئىمان ۋە ئىرادە قورالى بىلەن روسىيىگە قارشى جىھاد قىلغان ئىدى. شەرئەت ۋە تىل بىلىملىرىدە تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ھىجازغا ۋە خەلىپىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئېزىلگەن مۇسۇلمان خەلقلەرگە قارىتىش ئۈچۈن تۈركىيەگە بارغان. ئىسلام توغرىسىدا ناھايىتى ئازلا مەلۇماتقا ئىگە جايلاردا ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ياڭرىتىش ئۈچۈن ھىندىستان، چىن ۋە ياپونىيەگە بارغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەچچە مىڭ كىشىنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا قانائەتلەندۈرۈپ، قىزغىن دەۋەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارغا تاھارەت، ناماز ۋە زاكات ئىبادەتلىرىنى ئۆگەنتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ نامىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىئانە توپلاشقا كۈچ چىقىرىپ مەسچىتلەرنى سالغان ئىدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ـ ئىسلام پىكىر ئەربابلىرى بىلەن ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ھەمدە تۈركىستان، ياپونىيە، مانجۇرىيە ۋە كورىيەدەك ئاسىيانىڭ چەت ياقلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن مىسىرغا كەلگەن ئىدى. شۇ جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دەۋەت سەپىرىنىڭ سەيناسى بولغان ئىدى.

بىرەر نامازخان توكيودىكى «ئىسلام مەسچىتى»گە بېرىپ، 95 ياشلىق بۇ قەھرىمان ئەركەكنى كۆرسە ھەيران قالىدۇ. ئۇ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى، ئاندىن بامدات نامىزىدا جامائەتكە ئىمام بولاتتى. تەسبىھ ئېيتىپ بولۇپلا، ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇراتتى. ئاندىن ئۇ ئۇلارغا قۇرئان سۈرىلىرى ۋە پەيغەمبەر ھەدىسلىرىنى شەرھلەپ بېرەتتى. كۈن چىققاندىن كېيىن مەسچىتكە يانداش دەرسخانىسىغا كىرىپ، بىر قانچە نەپەر مۇسۇلماننىڭ باللىرىنى كۈتۈۋالاتتى، ئاندىن ئۇلارغا مۇئەللىملىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۈچۈن قەغەزگە يېزىپ چۈشەندۈرسە، يەنە بىرىنىڭ سۈرىسىنى تىڭشايتتى. ئۇ شۇ يۇقىرى ياشتا تۇرۇپ، شۇنچىۋالا ئۇزاق داۋاملاشقان كۈرەشلىرىدىن كېيىنمۇ كىچىكلەرگە ئەرەب تىلىنىڭ دەسلەپكى ساۋاتلىرىدىن دەرس بېرىدىغان، ئۆسمۈرلەرگە ئەمما پارسىنىڭ قىسقا سۈرىلىرىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى مەشھۇر ھەدىسلىرىنى يادلىتىدىغان بىر باللار مۇئەللىمى بولۇشتىن يالتايمىغان ئىدى. ھالبۇكى ئۇ بىر ئەسىرگە تاقىشان ئۈچ ئەۋلاد ئىسلام رەھبەرلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى ئىدى. سۆزىمىزنىڭ بېشىدا جامالىددىن ئافغانىينى سۆزلىشىمىز بۇ ئىككى دەۋەتچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

[①] ئابدۇلۋەھھاب ئەززام 20- ئەسىرنىڭ ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1894- يىلى مىسىرنىڭ بەنى سۇۋەيف ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان.

چوڭقۇر دوستلۇقنى تەكىتلەش ۋە ئۇلارنىڭ قايسى جەھەتتە بىرلەشكەنلىكى، قايسى جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن ئۇزاقلاشقانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئۇلار ئىسلام تىرىلىشى ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئويغىنىشى كېرەكلىكى، غاپىللارنى ئويغىتىش ئۈچۈن ھەرخىل ئىسلامىي يۇرتلارنى كېزىش زۆرۈرلۈكىنى جەددىي تونۇپ يېتىش جەھەتتە بىرلەشكەن. دەۋەت يولى ۋە يۆنىلىشىدە بىر ـ بىرلىرىدىن ئۇزاقلاشقان.

تولىمۇ قىزىقارلىق، ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم ئۆزىنىڭ «ئالەمى ئىسلام» ناملىق ئەسىرىنى نەشىر قىلىپ چىقارسا، كەڭ تارقالمىدى، تەرجىمىمۇ قىلىنمىدى ۋە ئىسلام كىتابخانىلىرىغىمۇ ئومۇملاشمىدى. ھالبۇكى ئۇ ئاسىيا، ياۋرۇپا ۋە ئافرىقىدىكى ھەرخىل ئىسلام ئەللىرىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى توپلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كېسەللىرى ۋە ئىللەتلىرىگە دىئاگنوز قويغان ئىدىكى، بۇلارنى ئىگىلەپ چىقىش شەكىب ئارسلاندىن باشقا ھېچكىمگە قولاي بولمىغانىدى. بىز ھازىر ئىبنى بەتتۇتە ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغانلارنىڭ سەپەرنامىسىنىڭ تەكرار باسمىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئىبنى بەتتۇتە ئۆيلىنىش، جاھان كۆرۈپ بەھرىلىنىش ئۈچۈن، خۇراپاتلىقلار ۋە كاراماتلارنى يېزىش ۋە ئاڭلىغان ئاجايىباتلارنى توپلاشتىن باشقا ھېچبىر نىشانى يوق سەپەر قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم ئاللاھقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا سەپەرلىرىنى قىلغان ئىدى. جاھالەتپەرەسلەرنىڭ دەشناملىرىغا، ئازغۇنلارنىڭ ئەقىلسىزلىكىگە تالاي قېتىملاپ بەرداشلىق بەرگەن ئىدى. شۇلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن پايدىلىق كىتابلارنى يازغان ۋە ئېسىل سەپەرنامىلەرنى پۈتكەن ئىدى. بىراق ئۇنىڭ سەپەرنامىلىرى خۇراپاتلىق ۋە غارايىپ ئىشلار سەپەرنامىلىرى ئېرىشكەنچىلىك تارقىلىشقىمۇ ئېرىشەلمىدى».

يۇقىرىقىلار دوكتور ئەززامنىڭ سۆزىدىن ئېسىمدە قالغانلىرى. ئۇنىڭ بۇ پىشقەدەم ئۇستاز بىلەن ئالاقىسى قويۇق ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم مىسىرغا كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن بالدۇرلا تونۇشۇپ، ئۇنى ھەلۋانىدىكى ئۆيىگە نەچچە قېتىم باشلىۋالغان ئىكەن. كېيىن ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم تۈگەپ كەتكەن چاغدا، ئۆز قەلىمى بىلەن بىر مەرسىيە يېزىپ مەدەنىيەت ژۇرنىلىنىڭ 312 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ سورۇنى قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە ھەرخىل پىكىر ۋە ھەرخىل ئېقىمدىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭلۇقى ئۇنى ئۇزاق سەپەرلەردىن توسالمايتتى، مەن باللارنىڭ زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەربلىرىنى كېزىپ چىققان بۇ سەيياھ تۈرك بوۋاينى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ سورۇنىغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئىچىدىغانغا سۇ تەلەپ قىلغاندا ئۇلارنىڭ ھەيرانلىق بىلەن دەرھال سۇ ئەكەلگەنلىكىنى كۆردۈم. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ چاي بىلەن كۇپايىلىنىپ سۇ ئىچمەيدىغانلىقىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ بىرى توكيودا بىر مەسچىت كۆرۈش ئىدى. ئاللاھ ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزۈپ ياپونىيەدە ئۇنىڭغا ئىككى مەسچىتنى كۆرسەتتى».

دوكتور ئەززام ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىمغا قىزىققان ئەرەب يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولسا، تۈركىيە ئىسلام شائىرى مۇھەممەد ئاكىف ئەرسويمۇ بۇ سەييارە دەۋەتچىگە قىزىقىشتىن نېسىۋىدار بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەربىيە خاراكتېرلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدە باش قەھرىمان قىلغان ئىدى، ئۇ ئىككىسى يېقىن دوستلاردىن ئىدى .

قىسسىدە ئۇ ئالىيجاناب بىر نەسىھەتچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپ، نەسىھەتچى سۇلەيمانىيە جامەسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، كىشىلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى كېسەللىرى ۋە ئىللەتلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتىن كېيىن توغرىلىققا، ئۈيقۇدىن كېيىن ئويغىنىشقا چاقىرىدۇ. قىسسىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

«جامائەت ئورۇندۇق تەرەپكە ئالدىرىشىپ كېلىشتى. ۋاي قىزىق! ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالغان كىمدۇ بۇ؟! قارىغۇدەك بولسا پەرىشتە سۈپەت بىر بوۋاي تۇراتتى، گويا ئۇنىڭ يۈرىكى پېشانىسىدە سوقىدىغاندەكلا قىلاتتى، پاكىزە، رەتلىك ساقىلى ۋە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاپئاق سەللىسى ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىنى ھەم تاڭ نۇرىدەك يالتىراپ تۇرغان يۈزىنى ئورىۋالغان ئىدى، خۇددى ئاي قوتىنى تولۇئايىنى ئورىۋالغاندەك. نېمە دېگەن سالاپەت بۇ؟! نېمىدېگەن ھەيۋەت بۇ؟! پاھ-پاھ! بۇ ئىككى كۆزگە قارا، ياق! بۇ ئىككى ساماۋى يۇلتۇزغا قارا. ۋاھ! بۇ ئىككى كۆزۈڭدىن جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قەتئىيلىكىڭنى. ۋاھ! ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرغان بۇ مىسكىن جانلارنى!

مېنى بۇ ئورۇندۇقتا ۋەز ئېيتقىلى ئولتۇردىمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭلار! مەن ئالىم ئەمەس. بۇ كۆرۈنۈشۈم سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن، سىلەرگە دىنىڭلارنى چۈشەندۈرىدىغان، ئۇچرىغان مەسىلىلىرىڭلاردا پەتىۋا بېرىدىغان ئالىملىرىڭلار سىلەرگە يېتەرلىك. لېكىن مەندىن ئالەمى ئىسلام توغرۇلۇق سورىساڭلار بولىدۇ. مەن ئىسلام دۇنياسىدىكى ھېچبىر يەرنى قالدۇرماي زىيارەت قىلدىم، ھەممە تەرەپلىرىنى ئايلىنىپ چىقتىم. شەرقنىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىدىن ئەڭ يىراق مەغرىبقىچە كەزدىم، ئاسىيا، ياۋرۇپا ۋە ئافرىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھېچبىر يېرىنى قالدۇرماي باردىم ھەم ئۇ يەرلەرنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپەرلەر مېنى ماغدۇرۇمدىن كەتكۈزدى، ھالىمنى قويمىدى. ئەگەر كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن «توختىما، ئىلگىرىلە، يولۇڭغا داۋام ئەت» دەپ توختىماستىن ئېيتىلىپ چىقىۋاتقان بىر نىدا بولمىسا ئىدى، شۇنداقلا قوۋۇرغىلىرىم ئارىسىدا ۋۇلقاندەك يېنىۋاتقان «دىنىڭنى قوغدا» دېگەن بىر سادا بولمىسا ئىدى، يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇشقا سەۋر قىلالمىغان بولاتتىم.

مەن توختاشقا تاقەت قىلالمايمەن، ھېچبىر جايدا تۇرالمايمەن. ئۆزىنى سۆيۈش، ۋەتەن ۋە بالا ـ چاقا سۆيگۈسى دېگەنلەر مېنى باغلاپ قويالمايدۇ، نىشانىمدىن چەتنىتەلمەيدۇ. مەن بۇنىڭدىن باشقىنى ئىستىمەيمەن. ئەنە شۇلار مېنىڭ ئارزۇلىرىم، ئۇنىڭدىن باشقىنى ئىستىمەيمەن.»

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن سەپەرلىرى توغرىسىدا يەنە مۇنداق دېگەن:

«مەن ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ ﴿زېمىندا سەير قىلىڭلار، قاراڭلار﴾ دېگەن بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئۇزۇن ساياھەت قىلىشنى تاللىدىم. ئالدىمدا مېنى يېتەكلەيدىغان ياكى كەينىمدە ماڭا ھەيدەكچى بولىدىغان بىرى يوق، مەن پەقەت ئىشقىغا بەل باغلاپ، قولۇمغا تەۋەككۇل ھاسىسىنى ئالغانچە خالىس نىيەت بىلەن ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۇستۈن قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلىش ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بۈيۈك ئارزۇلىرىم ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. ئەھلىم ۋە سۆيۈملۈك بالا ـ چاقىلىرىمنى ئاللاھقا ئامانەت قىلىپ تاشلاپ قويدۇم، يا ئاللاھ! دەپ يولۇمغا چىقتىم.»

مانا بۇ ئۇشبۇ چوڭ دەۋەتچىنىڭ ھاياتىدىن پاساھەتلىك ۋە ئىخچام بىر بايان.

مەن بۇ كىشى توغرىسىدا يازماقچى بولدۇم ـ يۇ، كېيىن قالدىم. چۈنكى بۇ جەھەتتە ئاكىي ئاندىن ئەززام ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتتى. ھالبۇكى بۇ توغرىدا سۆز قىلىشقا ئۇ ئىككىسى بەكرەك لايىق، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداش ۋە سۆھبەتداش بولغان. مەن پەقەت شۇلار دەپ بولغانىنى قايتىلىدىم، خالاس!

شۇنداقتىمۇ بۇ چوڭ شەخسنىڭ بىر قىسىم ئىش ـ ئىزلىرىنى ئىگىلەپ چىققاندىن كېيىن، بۇ باش قەھرىمانىمىزنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ يورۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ شەخسىي تارىخى توغرىسىدا سۆزلەشكە يۈتكەلدىم.

رۇسىيىنىڭ ئىرقىي زوراۋانلىقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بىر پەيتتە سىبىرىيەنىڭ نامەلۇم جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئەڭ ئېغىر خورلۇق ۋە ئېزىلىشنىڭ دەردىنى تارتىۋاتاتتى .

ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم 1847 ـ يىلى سىبىرىيەنىڭ تارا شەھىرىدە مۇسۇلمانلىقدىن پەخىرلىنىدىغان، ئىرقىي زوراۋانلىقلار كۆچەيگەنسىرى ئەزىز دىنىغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىدىغان بىر سالىھ ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن (تارا ھازىرقى تاتارىستاننىڭ پايتەختى قازانغا تەۋە جاي). ئىسلام دىنىنى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدا دەرس ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان، ئاندىن ھىجازدا ئىسلام مەدەنىيىتى بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچىشنى ئويلاپ، 12 يېشىدا مەككىگە بارغان ۋە 20 يىل مۇددەتچە ئۆزىنى ئەرەبچە مەنبەلەردىن ئوزۇقلاندۇرغان. ئىسلامنىڭ بىرىنچى بۆشۈكىدە بۇ دىنىنىڭ بايراقدار كىشىلىرى بىلەن سۆھبەتداش بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇتلۇق باھار چاغلىرىدا پارلاق تارىخقا ئۇل سالغان. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرە داغىستانلىق شەيخ شامىل بىلەن تونۇشقان بولۇپ، شەيخ شامىل

ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە ھۆرلۈكى يولىدا خىزمەت قىلىشقا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ مەككە - مەدىنە ئارىلىرىدىكى ھەربىر چامىدىمى ئۇنىڭغا ئۆلگىلىك ئۆلىمالارنىڭ تارىخىنى ئەسلىتەتتى - دە، ئۇنىڭ قەلبىدە قايناق قىزغىنلىق ۋە ئۇيغاق ئىرادىنىڭ ئوتلىرىنى ياقاتتى. روشەن يول ۋە توغرا ئىمان بىلەن ئۆزلىرىگە ياخشى - يامانىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئادەمنى تاپالماستىن، باتىل شۈبھىلەر ۋە ھەرخىل يالغان - ياۋۇداقلار بىلەن ئەقىدىلىرى تەۋرىنىشكە ئۇچراۋاتقان سېپىرىيەنىڭ مەۋھۇم جايلىرىدىكى ۋەتەنداشلىرىنى تاشلاپ قويغانلىقى ياقا يۇرتتا ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا ئۇ توغرا دىنىي ئىلىم - ئىرپانلاردىن يېتەرلىك قوراللىنىپ ئۆز يۇرتىغا قايتتى.

بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خۇش ھىدى ئەتراپقا تاراپ، شەرقى مەھكىمىنىڭ قازىلىقىغا ئاندىن دىنىي پەتىۋا ئىشلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى. ئۇ يۇقىرى مەنسەپكە مەستخۇش بولۇپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا راھەت - پاراغەتنى كۆرەشنى ئارتۇق كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ مەنسىپىنى ئىسلاھات قورالى قىلدى. نەتىجىدە رۇسلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە باشقىلار بىلەن باراۋەر مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى جاكارلىدى. لېكىن ھەق سۆز قۇلاقلارنى پاك قىلىپ، نەپسانىيەتچىلەرنىڭ ئاچچىقىنى قوزغايدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭغا سۈيىقەست قىلىشنى پىلانلىدى. لېكىن ئۇ مەلۇم بىر كېچىسى ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان سۈيىقەستنى ئالدىن تۇيۇپ قېلىپ ئوسمانلى خەلىپىلىكىنىڭ قارارگاھى ئىستانبۇلغا قاچتى، ھەمدە رۇسىيىنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا قالغان مىللىتىنىڭ قايغۇلىرىنى كىشىلەرگە ئاڭلاتتى. ئۇ ھەقتە رىئاللىق ۋە پاكىتلار بىلەن كۈچەيگەن رىسالىلىرىنى نەشىر قىلىپ تارقاتتى.

ۋەزىيەت ئازراق بوشىغاندىن كېيىن، خەلىپىلىك دۆلىتىدىكى مەنسەپكە رازى بولۇپ ئولتۇرماي ۋەتىنىدىكى جىھاد مەيدانىغا ئىككىنچى قېتىم باردى. ئۇ بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، ژورنالچىلىقنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان ۋاقىتلىق رىسالىلىرىنى نەشىر قىلىش رۇخسىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، رىسالىلىرىنى قازان تۈرك تىلىدا «ئەينەك»، «چۇقان» ۋە «ئۈلپەت» ناملىرى بىلەن نەشىر قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ دىنداشلىرىدىن ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر ئۇنىڭ سېپىغا قوشۇلۇپ، ئۇلار رۇسىيىنىڭ ھەر شەھەرلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى توپلاپ ئۇلارغا ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىمنىڭ نەشىر ئەپكارلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ نەشىر ئەپكارلار دىنىي ئىسلاھات، ئىسلامنىڭ پىرىنسىپلىرىغا چىڭ ئېسىلىش، رۇس خىرىستىيانلىرىنىڭ پىلانلىغان ئوچۇق - ئاشكارا سۇيىقەستلىرىگە سەگەك بولۇش قاتارلىقلارنى چۆرىدەيتتى.

ئاندىن كېيىن ئۇ رىسالىلىرىنى ئەرەب دۇنياسىدىكى ئىسلامىي قېرىنداشلىرىغىمۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەرەب تىلىنى ئۆزىنىڭ دەۋىتىدىن نېسىۋىدار قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ «التلميذ» نامىدا بەزى

www.uyghurkitap.com

رىسالىللىرىنى نەشىر قىلدى، ھەممىدە قەۋمىنىڭ دەردىنى پۈتۈن ئەرەب ئەقلىملىرىدا ئاڭلاتتى. ئىراق قولاق سالىدىغان بىرەرسىنى تاپالىغان بولسىچۇ كاشكى! مۇسۇلمان ئەرەب ئوقۇرمەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە پاجىئەلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، رۇس ئەللىرىدىكى قېرىنداشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەلمەيتتى.

تەقدىرنىڭ تەقەززاسى بىلەن رۇس ئەسكەرلىرى ياپونىيەنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، زۇلۇمدا ئەزۋەيلەشتىن ئازراق توختاپ ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم رەھبەرلىكىدىكى مۇسۇلمانلار خەلقنى ئويغىتىدىغان ماقالىلەرنى يېزىپ، ئازادلىق چاقىرىقلىرىنى تارقىتىشقا ئاتلاندى .

ئاندىن كېيىن ئۇستاز ئابدۇرەشىد دىن تارقىتىش جىھادىنى ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ، 1905-يىلدىن باشلاپ تۈركىستان، مانجۇرىيە، مۇڭغۇل ئېلى، ياپونىيە، كورىيە، چىن، سىنگاپور، ھىندىستان ۋە ھىندى ئوكيان ئاراللىرى (شۇ چاغلاردىن كېيىن قۇرۇلغان مالايسىيا، ھىندونېزىيە، برونىاي قاتارلىقلار) غا كۆپ قېتىم سەپەر قىلدى. ئاندىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ئۆتۈپ ھەج قىلدى. شۇ ۋاقىتتا باشلانغان ئوسمانلى پويىزى بىلەن ئۇ يەردىن شام دىيارىغا، ئاندىن بېيرۇتقا سەپەر قىلدى، ئاندىن كېيىن ئۇ يەردىن ئىستانبۇلغا سەپەر قىلدى. ئۇ سەپەرلىرىدە گۈزەل كېلەچەكنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئىسلامنىڭ ئەركىنلىككە، قېرىنداشلىققا ۋە باراۋەرلىككە چاقىرغان تۈنجى دىن ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، بۇ يولدا ئۇ كۈچلۈك بىر توپ كىشلەرگىمۇ ئېغىر كېلىدىغان خەتەرلىك مۇشەققەتلەرگە يولۇقتى، ھەتتا گاھىدا پاراخوت ياكى پويىز بېلىتى سېتىۋالىدىغانغا پۇل تاپالمايتتى. پۇل-مال ياكى ھەمراھ بولسۇن، ھېچبىر تايانچىسىز ھالدا مۇھۇم يىراق جايلارغا سەپەر قىلىدىغان يالغۇز بىر شەخسكە ئېغىر كەلمەيدۇ دەمسىز!؟ لېكىن ئۇ نىشانىنى ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقىلا قارىتىپ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنىمۇ ئويلاشمىدى.

ئاللاھ تائالا ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پىشقەدەم مۇجاھىد ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان غەلىبە بېشارەتلىرىنى كۆردى. نەتىجىدە ئاسىيادىكى دىن تارقىتىش دائىرىلىرى ئۇنىڭدىن چوچۇپ، گەرچە ئۇ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق كەمبەغەل يالغۇز بىر كىشى بولسىمۇ، ئۇنى دىن تارقىتىش جەمئىيەتلىرىگە ۋە دۆلەت ئىقتىسادىغا خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قاراشقان ئىدى.

ئىسلامنىڭ يىگانە پىرىنسىپلىرى بىلەن كەڭ تارقىلىدىغانلىقى، مەۋجۇتلۇق كۈچىنىڭ ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا يوشۇرۇنغانلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن دەلىلىنى ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىمنىڭ جىھادىدىن تاپالىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىداق دېمىسەك، بۇ غەيرەتلىك دەۋەتچى نەچچە مىڭ كىشىنى لوگىكا، گۈزەل نەسىھەت ۋە

ئىلىم ھېكمەت قورالىدىن باشقا قايسى قورال بىلەن ئىسلامغا قوشتى.

چىندىكى خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ بەزى پوپلىرى ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىمنىڭ قالتىس ئۇتۇقلىرىنى كۆرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار شۇ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر ياۋۇز دۈشمىنىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقى توغرىسىدا مەخپىي خەت يازغان. شۇنىڭ بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئەھۋالنى جىددىي تۇستە چۈشىنىپ، «دۈشمەن»نىڭ قانچىلىك كۈچى ۋە قانچىلىك ئۇرۇش تەجرىبىسى بارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئادەم ئەۋەتكەن. توساتتىن «دۈشمەن»گە ئۇ ناتىقلىقى ۋە ئىمانىدىن باشقا نەرسىسى يوق بىر كىشى ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغان.

ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئۆزىنىڭ دەۋەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ۋە كۆرگەن بىلگەنلىرىدىن ئېلىنغان جانلىق مەلۇماتلىرىنى ھېچكىمدىن ئايىماي، ئۆزىنىڭ سەپەرلىرىنى «ئىسلام دۇنياسى» نامى ئاستىدا ئىككى توملۇق كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرغان ئىدى.

ئۇ تۈركىيەدە «مەلۇمات»، «توغرا يول» دېگەندەك ئالدىنقى قاتاردىكى چوڭ ئىسلامىي ژۇرناللارنىڭ تەھرىرلىكى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

بۇ كىشىنىڭ مۇنبەر ۋە قەلەم ساھەسىنى تاشلاپ، ئىسلامغا ياردەم بېرىش ئىستىكى بىلەن ئۇرۇش مەيدانلىرىغا كىرگەنلىكىنى بىلگىنىڭىزدە ھەيران قالىسىز. ئۇ 1912 ـ يىلى ئىتالىيانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى لىۋىيە تارابلۇس ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ھالبۇكى ئۇنىڭ يېشى 70 كە يېقىنلاشقان ئىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا ئىسلام قوشۇنى سېپىگە قېتىلىپ، ئوسمانلى ئارمىيىسى بىلەن كاۋكازغا ئاتلىنىپ بالقان ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئاندىن كېيىن 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا مۇسۇلمان تۈرك ئەسىرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە ئۇلارغا يار يۆلەك بولۇش ئۈچۈن ئوسمانلى ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گېرمانىيىگە بارغان. 1916 ـ يىلى بېرلىندا تۈرك تىلىدا «ئىسلام جىھادى» ژورنىلىنى چىقىرىپ، روسىيە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە قارىتىپ خىتاب قىلغان. 1917 ـ يىلى روسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى قوزغالغاندا تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئەقىدىلىرىدىن تەۋرىتىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلغان. ئۇ شەرقتىن غەربكىچە پۈتۈن رايونلارنى كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇرۇش ئۇ كۈتمىگەن شەكىلدە ئاياغلاشقان. لېكىن ئۇ ھېچبىر ئۈمىدسىزلەنمەي ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ ياپونىيەگە دىن تارقاتقۇچى بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ياپونىيەگە بېرىشتىن بۇرۇن تەخمىنەن 1931 ـ يىلى مەككىگە بارغان بولۇپ، ئۇ يەردە تۈركىيە ۋە مىسىر زىيارەتلىرىنى تۈگىتىپ مەككىگە كەلگەن سابىت داموللام بىلەن تونۇشۇپ يېقىن دوست بولغان ئىدى. سابىت داموللام ئۇ يەردە يەنە تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللا بىلەنمۇ دوست بولغان ئىدى. ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم ياپونىيەگە كەتكەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىيىنمۇ سابىت داموللام بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرغان ئىدى.

ئۇ 1934 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلى ۋاپات بولغىچە ياپونىيەدە تۇرغان. ئۇ ياپونىيەدە يۇقىرى مەرتىۋىگە سازاۋەر بولغان بولۇپ، ئۇۋاپات بولغاندا ياپونىيە رادىئولىرى ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تارقاتقان ئىدى. ئۇنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا دۆلەت ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ئۇنىڭ جىنازىسىغا ياپونىيەنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن ۋە قوشنا ئەللەردىن نۇرغۇن ساندىكى كىشىلەر كەلگەن ئىدى.

دوكتور فەۋزىيە بايرامۇۋا «تارىخ تورى»دا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ يېڭى دەۋردىكى تاتارلارنىڭ بىرىنچى سىياسىيونى، قۇرئان يادلىغان قارى ۋە ئىسلام ئالىمى. ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىمنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىلىم بىلەن سىياسەتنى، ئىلىم بىلەن شەرىئەتنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇ مۇنداق ئىككى غايە بىلەن ھەرىكەت قىلغان: بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىشى، يەنە بىرى تاتارلار ئۈچۈن بىر دۆلەت قۇرۇش. ئۇ بۇ غايىسى ئۈچۈن ژۇرنالچىلىق ۋە كىتاب يېزىشتەك شۇ چاغدىكى قولدىن كېلىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى قوللانغان. ئۇنىڭ ئەجدادى بۇخارادىن كەلگەن.

ئۇ كۆپلىگەن ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرى، شەرق ۋە غەرب ئەللىرىدە ئاللاھقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن 43 مىڭ كىلومېتىر سەپەر قىلغان».

ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، قولدا يۈزلىگەن، مىڭلىغان كىشىلەر مۇسۇلمان بولغان، توكيو جامەسىدە ئىسلام دەۋىتىنى تارقىتىشقا ھەسسە قوشىدىغان بىر تۈركۈم ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلار يېتىشىپ چىققان، ياپونىيە دۆلىتىدە ئىسلام ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن، توكيودا چوڭ ئىككى مەسچىتنىڭ ئېگىز مۇنارلىرى قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇ مۇنارلاردا ھەر كۈنى بەش قېتىم ئىسلامنىڭ ئۆچمەس شوئارى (ئەزان ساداسى) ياڭراپ تۇرماقتا.

## ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى:

1) ئىسلام دۇنياسىۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ ياپونىيەدە تارقىلىشى. ئىككى قىسىم، ھ1328 ـ يىلى ئىستانبۇل
2) ئەينەك. م1909 ـ يىلى قازان
3) مېنىڭ شەخسىي تەرجىمھالىم. سانكت پېتېربۇرگ ھ1330
4) زۆھرە يۇلتۇز. سانكت پېتېربۇرگ م1907
5) ۋىجدان سوتى ۋە ئىنساپ مىزانى. ئىستانبۇل ھ1328
6) ئاسىيا خەتەر ئىچىدە. (ياپونچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان) ئىستانبۇل ھ1328

«ساياھەتنامە ئۇستاز ئابدۇرەشىد ئىبراھىم» ناملىق كونا تۈرك تىلىدىكى بىر كىتابى مىسىر مەدەنىيەت ئالىي مەجلىسى تەرىپىدىن «العالم الاسلامي المنسي في بداية القرن» نامدائەرەبچە نەشر قىلىنغان.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

1 ـ مۇھەممەد رەجەب بىيۇمىنىڭ «النهضة الإسلامية فيسير أعلامها المعاصرين» ناملىق كىتابى.
2 ـ توردىكى بەزى ماقالىلەر
3 ـ شېرىن كالام ناملىق كىتابىنىڭ بېشىدىكى سابىت داموللام تەرجىمھالى.

# ئەسەر ئەۋەتىڭ، مۇشتەرى بولۇڭ!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ژورنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، چەتئەللەردە ھەر قايسى ساھەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ۋە تەھسىلنى تۈگەتكەن بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىمىزغا ئۆزلىرىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى بايان قىلىش ۋە خەلقىمىزگە يەتكۈزمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى، ئىلىم-تەھسىل قىلىش ياكى مۇھاجىرەت يولىدىكى ھاسىلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن بىر مۇنبەر ھازىرلاپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز ـ ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەسىلىلىرىمىزنى بىرگە ھەل قىلىشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت.

تەھرىر ھەيئەتتىكىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەتراپىمىزدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى نەتىجىسىدە ژورنىلىمىزنىڭ يېڭى يىللىق يېڭى سانى كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزنى ئەسەر بىلەن تەمىنلىگەن ۋە ياخشى پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بېرىپ، رىغبەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا سەممىمىي سالام يوللايمىز. شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەر ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ژورنىلىمىزنى ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى، ژورنىلىمىزنىڭ تېخىمۇ رەڭگارەڭ، تېخىمۇ جۇلالىق ھالەتتە داۋام ئېتىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژورنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغانلار «مەرىپەت» ژورنىلىنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىكى ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئالاقىلاشسا، بىز ژۇرنالنى ھەربىر ئادرېسقا ئۆز ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرىشكە كاپالەت قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 |
| شىۋىتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋستىرالىيە | ئابدۇسسالام قارىم | 0061413550840 |
| شىۋىتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 004917610382764 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| مىسىر | زەئىم مەنسۇر | 0020111432366 |
| سەئۇدى ئەرەبىستان | مەمتىمىن قارىم | 00966502382971 |

ــــ ھۆرمەت بىلەن«مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىر ھەيئىتى